ياسىن زىلال

# مۇھەببەت



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مۇھەببەت

ISBN 7-228-05264-1
9 787228 052646 >

ISBN7－228－05264－1
I.2087（民文）定价：8.50元

15
1227
86

ياسىن زىلال

# موھەببەت

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

责任编辑:买买提吐尔地·米尔孜艾合买提
责任校对:阿斯亚·艾合买提
封面设计:艾克拜尔·萨里

**图书在版编目(CIP)数据**

爱情:维吾尔文/亚森·孜拉力著,—乌鲁木齐:新疆人民出版社,1999.7
ISBN 7—228—05264—1
Ⅰ。爱… Ⅱ.亚… Ⅲ.诗歌—作品集—中国— 当代—维吾尔吾(中国少数民族语言)Ⅳ.1227
中国版本图书馆 CIP 数据核字(1999)第 25701 号

# 爱情(维吾尔文)

(诗集)

亚森·孜拉力著

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号　邮政编码 :830001)
司法印刷厂　印刷
850×1168毫米 32 开本　6.25 印张 2 插页
2000 年 4 月第 1 版　2000 年 4 月第 1 次印刷
印数:1—3000

ISBN7—228—05264—1/I.2087 定价:8.50 元

مەسئۇل مۇھەررىرى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت
مەسئۇل كوررىكتور: ئاسىيە ئەخمەت
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# مۇھەببەت

(شېئىرلار)

ياسىن زىلال

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348№)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئەدلىيە باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168×850 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 6.25، قىستۇرما ۋارىقى: 2
000 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى
2000 - يىل 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 1 - 3000
ISBN7—228—05264—1/I.2087
باھاسى: 8.50 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇھەررىردىن

تالانتلىق ياش شائىر ياسىن زىلال 1961- يىل 3- ئاينىڭ 15- كۈنى، كېرىيە ناھىيىسىنىڭ ھېيتگاھ قازان كوچا مەھەللىسىدە زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1979 - يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا ئوقۇشىنى تاماملاپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كادىرلار ئىدارىسىگە تەقسىم قىلىنغان. 1985 - يىلى 3 - ئايدا ئەدەبىياتقا بولغان ئوتتەك ئىشتىياقى تۈرتكىسىدە ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ كەلگەن. «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلىمەكتە. شائىر ياسىن زىلال ھازىر جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى.

شائىر ياسىن زىلالنىڭ ھەۋەسكارلىق دەۋرى ئوتتۇرا

مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلاردا باشلانغان. شائىرنىڭ شېئىرلىرى 1980 ـ يىلدىن باشلاپ «ياسىن ئىمىن» نامى بىلەن مەتبۇئاتتا كۆرۈلۈشكە باشلىغان. شائىر 1984 ـ يىلنىڭ بېشىدىن باشلاپ «زىلال» تەخەللۇسىنى قوللانغان.

ياسىن زىلال شېئىرىيەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان يىگىرمە يىل جەريانىدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا نەچچە يۈز پارچە شېئىر ئېلان قىلىپ، جامائەتچىلىك ئارىسىدا ياخشى تەسىرلەرنى قوزغىدى. «ئانا»، «جۇدالىق پەريادى»، «ساداقەت»، «بۇ يوللار ئۇزۇن يوللار» قاتارلىق داستانلارنى ئېلان قىلىپ، ئۆزىنىڭ يۇقىرى شېئىرىي تالانتىنى نامايان قىلدى.

ياسىن زىلال شېئىرلىرى ئۆزىنىڭ پىكىر تىرەنلىكى، تويۇنغان لىرىك مۇھىتى، شېئىرىي تەپەككۇرىنىڭ يېڭى، ھېس ـ ھاياجانغا باي، شەكىل ـ قۇرۇلمىلىرىنىڭ مۇكەممەل بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن نەچچە يىللاردىن بېرى كىتابخانلار ئارىسىدا ئۈزلۈكسىز ھالدا ئالقىشقا ئېرىشىپ كەلدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا كلاسسىك شېئىرلارغا خاس مۇكەممەل قۇرۇلما ۋە كۈچلۈك ئاھاڭدارلىق بىلەن زامانىۋى شېئىرلاردىكى يېڭىك شەكىل، دولقۇنلۇق شېئىرىي رىتىم، يارقىن پىكىر ۋە ئىچكى مەنە زىچ بىرىكىپ كەتكەن بولۇپ، ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئۇسلۇب شەكىللەندۈرگەن. بۇ توپلامغا شائىر ياسىن زىلالنىڭ 1980 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن تاكى1990 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان ئارلىقتا يازغان بىر قىسىم شېئىرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بەتلىرى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

مۇھەررىردىن ........................................ 1
غەزەللەر ........................................ 1
مۇرەببەلەر ........................................ 35
ياشايمەن ۋىجدانىم بىلەن ........................................ 35
ۋىسال تونى ........................................ 36
جىنازا ........................................ 38
تاڭنى كۈتۈپ ........................................ 39
ئاھ، ئانا يۇرت ........................................ 41
بەخت ........................................ 43
مۇشەققەت ........................................ 45
گۆرىستاندا ئويلىغانلىرىم ........................................ 47
چىراغ ئالدىدىكى ئوي ........................................ 49
قار ........................................ 51
دېڭىزغا خىتاب ........................................ 53
سەھەر سالىمى ........................................ 54
پەخرىم ........................................ 56
چالما بىلەن خازان ........................................ 56
تۇۋا! تۇۋا! ........................................ 58
ئېتىقاد ........................................ 58
باغۋەننىڭ سەۋەنلىكى ........................................ 60
دىلىمدىن ئۆچكەن ئاغىنەم ........................................ 60
ئىككى ئەخمەق ........................................ 62

يۇرەك لىرىكىسى ............................ 63
ئۇنتۇما، جېنىم.................................... 65
كېلەچەك سۆيگۈسى ........................... 67
تىلىكىم............................................. 69
غۇر ۇرۇم ..................................... 71
مىنۇتلار سىردىشىم ............................ 73
پۈۋلەنگەن شار ................................. 74
ئۆزۈم بىلىمەن ................................. 75
كەڭ ئانا يېرىم.................................... 76
بۇت ................................................ 77
تەرلىرىم ........................................ 78
سۆيگۈ قېرىماس.................................... 80
قۇياشقا خىتاب ................................. 82
بۇ مېنىڭ ئەركىم.................................. 83
قەلب ئالىمى ..................................... 85
ئاھ، مېنىڭ ئالمام ............................. 87
ئاشلىق بەخش ئەتتى شائىرلىق.................. 89
دەريا ................................................ 90
ھايات ئىكەن تاۋكا ............................. 92
ئاي ................................................ 93
ئەي، ئانجان ...................................... 95
بىر شائىرغا ...................................... 96
مىننەت ............................................ 97
دەيدىغاننى دەۋالاي.............................. 99
ھاياتنىڭ يولى ................................... 101
لاچىن قىسسىسى .................................. 103
مۇخەممەسلەر ...................................... 106
مۇھەببەت........................................... 106

ئۇيغۇر كىتابلىرى تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ تور ئادرېسى

شائىرلىقىم — شەيدالىقىم ............ 108
يىللار سوۋغىسى ............ 110
ئاتا ............ 112
گۈل نىھال — غەمخان ئايال ............ 114
ۋەتەن مۇھەببىتى ............ 116
يېڭى يىل — يېڭى ھايات ............ 118
ئەسسالام خوتەن ............ 120
خاھىشىم — پەرماھىشىم ............ 122
پەخرىم بوۋام — پەخرىم داۋام ............ 125
مۇسەددەسلەر ............ 127
سايەم ............ 127
ئاھ، لالەم ............ 129
ئۆز ئۆيۈم ............ 130
نېسىپ بولدۇق ئىككى ياتقا بىز ............ 132
مەن ئاتا بولدۇم ............ 133
مۇسەممەنلەر ............ 136
ئەي خەلقىم ............ 136
بېغىشلاي ۋىسال ............ 139
دادامنىڭ خېتى ............ 141
مۇئەششەرلەر ............ 146
ئەلۋىدا شائىر ............ 146
سەدىقەڭ ............ 149
چېرىيە ھاكىمى ............ 153
ئون ئىككىلىكلەر ............ 155
ياخشىلىق ياخشى ............ 155
خەيرلىك بول، خەيرلىك ............ 157
رۇبائىيلار ............ 162
ئەركىن شېئىرلار ............ 164

تېيىپچاندىن ئۆتۈپ كېتىمەن ........................ 164
يول ........................................ 166
خويمۇ زېرىكتىم ........................ 167
ۋاپا ........................................ 169
كاككۇك ........................................ 170
بارماققا قارا ........................................ 171
زاماندىشلارغا ........................................ 172
ئەسسالام ياپراق ........................ 174
كېرىيە قىزى ........................................ 175
تىلەك ۋە يۈرەك ........................ 176
بىلەلمىدىم ........................................ 179
كىم كۆرۈپتۇ ........................................ 179
مەندىكى تىلەك ........................................ 180
مەرھۇم بوتۇلكا ........................ 181
مۇئەللىم ........................................ 182
شۇنداقلارمۇ بار ........................ 186
بولمايمەن كۆسەي ........................ 187
ئۇ ئانا مەكتىپىم ئۇ قىبلىگاھىم ........................ 188
مېنى ئىزدىسىڭىز ........................ 192

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

# غەزەللەر

مەن قىسىپ بوينۇمنى تۇردۇم بىر گۈزەل يار ئالدىدا،
ھالىتىم يۈز ھەسسە بىچارە گۇناھكار ئالدىدا.
نە باقالايمەن يۈزىگە تىكىلىپ، يوق جۈرئىتىم،
ھوشىدىن كەتكەن كەبى بۇلبۇلمۇ گۈلزار ئالدىدا.
چۈشتى تەن - جىسمىمغا تىترەك جۇتتا قالغان مايسىدەك،
تىترىمەستىم بەلكى تىغ تەڭلەنسىمۇ دار ئالدىدا.
يۈرىكىم ئاغدى ۋە ئاقتى، ماڭلىيىمدا تامچە تەر،
ئېرىگەندەك تامچىلاپ گوياكى ياغ نار ئالدىدا.
يۈزلىگەن داستانغا سىغماس گەپلىرىم كەتتى قايان،
ئەيلىمەمدۇ يارغا ئەركەك دىلنى ئىزھار ئالدىدا.
پۈتلىرىمنىڭ ئۇچچىغا باققانچە تۇردۇم ئېگىلىپ،
توختىتىپ قويغانغا ئوخشاش تىك - ئېگىز يار ئالدىدا.
خۇددى مىڭ يىلدەك تۇيۇلدى ھەر مىنۇت مەن خەستىگە،
كەلمىدى شائىرلىقىممۇ كارغا دىلدار ئالدىدا.
يارمۇ بىر گەپ دەر دېگەندەك كۈتتى كۆپ، ئۆتتى ۋاقىت،
ئۇ ئەجەب مەغرۇر ئىدى مەن ئاشىقى - زار ئالدىدا.
مۆڭلۈكۈمدىن بەلكى بىزار بولدى يار، تۇردى قاپاق،
ئاھ، نىتەي، قانداق قىلاي؟ بولدۇم تولا خار ئالدىدا.
رەنجىدى بولغاي جانان، كەتتى بۇرۇلغانچە ئۈزاپ،
كۆڭلىمدى ئەيۋەشكە راھى ئەمدى ئاھ - زار ئالدىدا.
چىن مۇھەببەتتۇر ئاجايىپ سېھرىي قۇدرەت، تىلسىمات،
مۇپتىلالىق لال ئېتەركەن ئەرنى گۈلنار ئالدىدا.

ئەي گۈزەل جانانە قىزلار مەيلىڭىز بولسا ئەگەر،
قالسا شۇ ھالغا يىگىت بولۇڭ مەدەتكار ئالدىدا.

* *

ئي، مۇھەببەت باغرى تاش بىر يارغا يار قىلدىڭ مېنى،
دەرد سېلىپ دەردسىز بېشىمغا خويمۇ خار قىلدىڭ مېنى.
بىر گۈزەل جانان سىيماسىدىن قىلىپ روھىمنى مەست،
دەشتۇ پۇرقەت ۋادىسىدا بىقارار قىلدىڭ مېنى.
تەگدى ھەربىر تال ھۆجەيرەمگە ئىشقىنىڭ زەخمىكى،
بىغۇبار باغرىمنى قان ئەيلەپ ئانار قىلدىڭ مېنى.
ئاھلىرىمدىن ئۇل گۈزەلگە خۇش تاماشا يەتكۈزۈپ،
تامغۇزۇپ زەخمەمگە تۇز، بەك نالە - زار قىلدىڭ مېنى.
بۇ نېچۇك سۆيگۈ؟ ھامان مەن يىغلىسام يار كۈلىدۇ،
مەسخىرە سەييادىغا ئاھۇ شىكار قىلدىڭ مېنى.
سۈبھى - شام كويىدا ئايلاندىم گويا دىۋانىدەك،
خەلقئالەم ئارىسىدا شەرمىسار قىلدىڭ مېنى.
مىڭ نەسىھەت، مىڭ قەسەم بەردىم ئۆزۈمگە «بولدى!» ... دەپ،
قالدى ئەھدىم نەدە؟ ۋاي، بىئىختىيار قىلدىڭ مېنى.
رىشتە جانىمنى سوزۇپ، جىسمىمغا تارتىپ يىغلىتىپ،
خالىغانچە پەنجىلەپ ئەگرى دۇتار قىلدىڭ مېنى.
خوي ئەزىز ئادەم ئىدىم سەۋدائى يار چۈشمەستە مەن،
بۇ ئىشىق بازارىدا ئاھ، خەس - پاسار قىلدىڭ مېنى.
بىر تەبەسسۇم قىلمىدى گۈلئۈز ماڭا، ۋاي، تۈۋىكىم،
گەرچە ئۇل يارغا قەدرىسىز جان نىسار قىلدىڭ مېنى.
بىر بېقىشقا ئەرزىمەس بولسام نېچۈك ھالىم مېنىڭ،
بىر قىيا ئىللىق نىگاھقا ئىنتىزار قىلدىڭ مېنى.
يارغا يول سالدىڭ مېنىڭ چېھرىمدە، كۆزلەر سەپتى سۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىرپىكى ـ قاشى سۈپۈرگە مەدىكار قىلدىڭ مېنى.
ئەمدى مەن قانداق قىلاي بەرگەن بەدەل، دەردىمگە ئا
تاڭلا ـ مەھشەردە خۇداغا ئەرزى بار قىلدىڭ مېنى.

* *

تىلەيمەن مىڭ پۇكۇپ قەددىمنى رەھىمە ئەيلە جانان ئەمدى،
سىلىپ ئاھۇ پىغانىمغا قۇلاق، بەر خۇش زابان ئەمدى.
ۋىسال تەشناسىدا يۇمران تېنىم قاقشالغان ئايلاندى،
چۇشۇپ ئاھىمغا ئوت، ئۆرتەنسە تەن كۆيمەيدۇ جان ئەمدى؟!
قارا، بۇ كۆزلىرىمدىن ئاققىنى گۇلنىڭ سۇيى ئوخشاش،
يەنە يىغلاش قىلار مىڭلاپ تومۇرنى تەركى قان ئەمدى.
ئانار دەك يۇزلىرىمدىن سەنمۇ زوقلانغان، خۇدا شاھىت،
سىرىقلىق بابىدا چېھرىمگە ھەيراندۇر سامان ئەمدى.
قولۇڭغا تىغ ئېلىپ مەيلى يېرىپ كۆر ئىچى باغرىمنى،
ۋاپا لەۋزى ھالال قەلبىمگە قىلما شەك ـ گۇمان ئەمدى.
سېنى دەپ ئوتتا كۆيدۇم، سۇدا ئاقتىم، تاغۇ دەشت كەزدىم،
پىداكار بۇ ھايات بەخشەندە، كۆرسەت ئىمتىھان ئەمدى.
ئالالماي يۈز نومۇر گەر بىرى كەملاپ قالسىلا ئۆلتۈر،
كۆزۈمدىن تامچىماي قان ئاققىنى ياخشى راۋان ئەمدى.
قۇياشتەك تەلئىتىڭدىن دىلغا ئوت سالغانىدىڭ باشتا،
ئازاب خەنجەر ئۆرۈپ بولماقتىمەن ھالى يامان ئەمدى.
كېلىپ جانىمنى ئال! يا خەستە جانىمغا جېنىڭنى قوش،
تويۇلماقتا ماڭا بولغان كەبى ئاخىر زامان ئەمدى.

* *

قايسى چاغدا قاي بازاردىن تاللىۋالدىڭ يار مېنى،
قايسى شېرىن سۆزلىرىڭدە ئالدىۋالدىڭ يار مېنى.

نى قارا كۆزلەرنى كۆيدۈرگەن ھايات شاممدا مەن،
سەن كېلىپ كۆپ كۈچمەيلا قايرىلۋالدىڭ يار مېنى.
سەنمۇ بوش نەرسە ئەمەسكەن، كۆزلىرىڭدىن ئايلىناي،
ئىلغىغاندەك قۇمدا مارجان پارلىۋالدىڭ يار مېنى.
ئالمىدەك ئىلكىڭگە چۈشتۈم، خالىغانچە ئوينىدىڭ،
خۇشلىقىڭ تۇتقاندا گاھى چاينىۋالدىڭ يار مېنى.
گاھى چۆلگە، گاھى كۆلگە قايرىلىپ ئاتتىڭ كۈچەپ،
گاھى تاۋلان دەپ ئەزىم ئاتەشكە سالدىڭ يار مېنى.
بىر ئويۇنچۇقتەك سېنىڭ ئالدىڭدا ئۆرگۈلدۈم ھامان،
چاشلىرىڭغا جان يىپىمدىن باغلىۋالدىڭ يار مېنى.
قالمىدى ئەركىم، ھەۋەس - پەيزىڭگە قىلدىم بەندىلىك،
خالىي - پىنھاندا جاھاندىن ئايرىۋالدىڭ يار مېنى.
خۇددى بۇلبۇل زەر قەپەستە سايرىغاندەك سايرىدىم،
تۇتىدەك ھەمدىڭگە كۈيچى سايلىۋالدىڭ يار مېنى.

* *

تالاي شائىر سېنى جانان پەرى - غىلمانغا ئوخشاتتى،
نە غىلمانكى، نېسىپ بولمايدىغان ئارمانغا ئوخشاتتى.
سېنىڭ ئىككى كۆزۈڭ ئالەمنى يورۇق ئەيلىسە كۈن - تۈن،
ئۈنى يېگانە يانغان تۇندىكى چولپانغا ئوخشاتتى.
پاساھەتلىك تىلىڭ ئۆلگەن قەلبىگە جان بېغىشلايدۇ،
شۇ ھالدا بال كالامىڭنى گويا ئىمانغا ئوخشاتتى.
سېنىڭ كۆكسۈڭدە تۇرسا مىڭلىغان ئالەم بۇ ئالەمدەك،
ئىسىت، مېھرىڭنى كەڭلىكتە كىچىك ئاسمانغا ئوخشاتتى.
دىلىڭ بەھرى پەۋەس گۆھەر - جاۋھىر ئالىمى تۇرسا،
گۈزەل پەزلىڭنى مەرۋايىت، سۈزۈك مارجانغا ئوخشاتتى.
ئىپارۇ مۇشكى، ئەنبەر بار مۇئەتتەر سەندە جەمدۇر جەم،

دەرىخا! بويى قەددىڭنى ھىدى رەيھانغا ئوخشاتتى.
قەلەملەر چەكتى گۈل مەدھى قىلىپ ئالىي كامالىڭنى،
بېزەي دەپ باقتىيۇ، ئەپسۇس، ھامان نۇقسانغا ئوخشاتتى.
سېنىڭ نازۇ باھارىڭ قۇتلىغان قۇتلۇق نىھال ئۆمرۈم،
ھايات گۈلگۈن لېۋىڭنىڭ قەترىسىنى جانغا ئوخشاتتى.
ماڭا ئالدىمدىكى سۇ چۈشتىكى كەۋسەردىن ئارتۇقتۇر،
زىلالى شول سەۋەب ئىنسانىنى شۇ ئىنسانغا ئوخشاتتى.
گۈزەللىكتە بېرەلمەس ھېچ نىمەرسە ساڭا تەققاسلىق،
بۇ سۆزنى گەپكە ناقىس شائىرىڭ داستانغا ئوخشاتتى.

* *

مېنى خارۇ تىكەن دەپ، سەن ئۆزۈڭنى چاغلىما گۈلشەن،
ئۆزىنى ئۆزگىدىن چوڭ چاغلىغان ئاقىل ئەمەس جەزمەن.
تىكەنمۇ، گۈلمۇ بىر شاخ بالىسى يىلتىز، غولى بىردۇر،
شۇ ھالدا بىزگە ھاجەتمۇ دېيىشمەكلىك يەنە سەن - پەن.
قارا، كىرپىك بىلەن كۆزگە، بىرى مويدۇر، بىرى گۆھەر،
بولالماس كۆزمۇ كىرپىك بولمىسا ئاۋۋالقىدەك روشەن.
قارا، ئايغا، بۇلۇتقا، بىرسى ئۆزدۇر، بىرسىدۇر بەترەڭ،
قەيەردە باغنى كۆردۈڭ نۇر بىلەنلا سۈيى يوق كۆلگەن.
جاھاندا بارچە شەيئى جىسمىغا جەم ئۆزگىچە خىسلەت،
ئەمەستۇر تەركى ھېكمەت ھېچ نىمەرسە ئويلىساڭ قەلبەن.
بولاي مەيلى تىكەن ۋە يا بۇلۇت، بولماي چىمەن، يا ئاي،
نېچۈن قىلمايدىكەنمەن ئىپتىخار، مەڭگۈ پەخىرلىك مەن.
ئۆزۈڭنى شاھ سانا ياكى قۇياش كۆڭلۈڭدىكى خاھىش،
ئەمەس ھەققىڭ بىراۋغا كىبرى ئەيلەپ كۆرسىتىش گەدەن.
سۆيەر بولساڭ سۆيۈندۇر، سۆيۈنۈش سۆيگۈ بېغىشلايدۇ،
سۆيۈپ قوي دەپ ئۆزۈڭچە تۇرغىنىڭمۇ بۇ قېتىپ قەستەن.

سۆيۇشنى نەرقى ئەرزان بىر ئويۇنچۇق دەپ خىيال قىلما،
كۆكۈل چىن سۆيمىگەنگە لەۋ يېقىشتىن ياخشىدۇر ئۆلگەن.

* *

يەر تىلەرمىش ياشىماقلىقنى ساماغا چىرمىشىپ،
باغ - چىمەن كۇتمىش ئۆتۈشنى كەربالاغا چىرمىشىپ.
ئوت دېگەن كۆيدۇرمىسە - ھە، سۇ دېگەن ئاقتۇرمىسا،
تۇرسا بىر يەردە ئېقىن ئاتەش - لاۋاغا چىرمىشىپ.
ئوتى بارنىڭ سۇيى كەمكەن، سۇيى بارنىڭ ئوتى ھەم،
قايسىغا چۇشتۇك ئەگەر قالدىڭ قازاغا چىرمىشىپ.
يا ۋىسالنىڭ قەدرى يوق، بولمايدۇ ھىجران دەردى يوق،
ئىككىسى بىر بولسىچۇ بىر تال گىياھقا چىرمىشىپ.
مەن تىلەيمەن ياخشىلىقلار ئۆزئارا رەت قىلمىسا،
قالسىچۇ «بولمايدۇ» «ياق» «ماقۇل، راۋا» غا چىرمىشىپ.
نى لىۋەن يارلارنى كۆردۇم، لەۋزى بال، قەلبى ئوسال،
گۈلگە گۈل كەلمەسىمىدى ئۆزلۈق ھاياغا چىرمىشىپ.
قانچىنى ئەپغاندا قويدۇم، قانچىگە ئارماندا مەن،
قانچىسى دەيدۇ: ئىسىت، سەن بىساپاغا چىرمىشىپ.
يەتمىگەندەك ئاشقا تۇز، ئارمانغا دەرمان ئاز ئىكەن،
بۇ ھايات قالغان ئىكەنغۇ يوق داۋاغا چىرمىشىپ.
تەكرى ئالەمنى ياراتقاندا ئەجەب قىلغانىكەن،
نىم بولاتتى كېچمۇ كۇلسە زىياغا چىرمىشىپ.
بىر ئۆمۈر كۆزلەپ ۋاپا تارتتىم جاپا، چەكتىم تاپا،
ۋاھ، ئەجەب ياخشى تىلەك قالدى گۇناھقا چىرمىشىپ.
چىشلىنىپ بارماقلىرىمدىن ئاقتى قان، پىنھان يۇتۇپ،
مەنمۇ بولدۇم بىقۇۇل ناھەق جازاغا چىرمىشىپ.
روزى مەھشەردە چوقۇم ئېيتقۇم بۇ گەپنى داد سېلىپ،
پۇتلىرىدىن چىڭ قۇچاقلاپ ئۇل خۇداغا چىرمىشىپ.

www.uyghurkitap.com

* *

دەسلەپىدە مەن سېنىڭ ئالدىڭغا يىغلاپ بارمىغان،
قوللىرىمغا قوش پىچاق ئېلىپ يۈرەكنى يارمىغان.
كېپىنەكتەك ئەگىپ - ئەگىپ شاخلىرىمغا پەر ئۇرۇپ،
سەن ئەمەسمۇ «نەدە سەن يار؟» دەپ مېنى ئاختۇرمىغان.
كىرپىكىڭدە رىشتىلەنگەن ئۈنچىلەر ئېسىڭدىمۇ،
مەن سېنىڭ ئالدىڭدا تىرناق تاتىلاپمۇ تۇرمىغان.
نەچچە رەت كەتسەڭ يامانلاپ سۆيمىدىڭ، دەپ مۆڭلىنىپ،
ئەلچى ئەۋەتىپ ياكى كەينىڭدىن سېنى توستۇرمىغان.
ئايلىنىپ كەلسەڭ «كەچۈرگەيسىز» دېگەن لەۋزىڭ بىلەن،
سېنى قۇتلۇقلاپ بېشىڭدىن مەن ياغاچ سۇندۇرمىغان.
ئەمدى دەيسەن: «قېتىلىپ قاپتۇ ساڭا رىسقىم ئەجەب،
ئەسلىغۇ كۆڭلۈمدە بىر يەردە سېنى ياقتۇرمىغان.
ۋاھ، تاماشا گۈل ئىدىم، رەڭگىمگە چوغ ھەيران ئىدى،
خوش ناۋا بۇلبۇلنىمۇ سايەمگىمۇ قوندۇرمىغان.»
گەپلىرىڭدىن ئايلىناي، گۈلنى ئۆزۈڭ قويغان تاقاپ،
«يا» بولۇپ، يىلتىز تۈۋىنى مەن ئۆزۈم تىندۇرمىغان.
ئەمدى بۇ گەپلەرنى قىلماق ئەسلى ھاجەتسىز ئىدى،
قايسىمىز ئەھدى ۋاپا ھەم لەۋزىمىزدە تۇرمىغان.
قالدۇرۇپ قۇشتۇقتا ئوقسانىنى، ماڭا چۆمۈچتە بەر،
بولمىغىن ئۆردەككە ئوخشاش تامچە سۇ يۇقتۇرمىغان.

* *

كېلەر بولساڭ چوقۇم تا ئۆلگۈچە جەزمەن كۈتەي جانان،
ۋىسالىڭنى قىلىپ غايەم، چېكىپ ئارمان ئۆتەي جانان.
خىيال سەھرىدە ئەرش ئۆزرە كۆرۈنسەڭ ماڭا خورشىتتەك،

ئاشۇ نازلىق تەبەسسۇم تەسۋىرىڭگە نېمە دەي جانان؟!
كۆرۈندىڭيۇ، شۇئان غايىب بولۇپ مەن ئوت ئارا قالدىم،
ساڭا ئاشىقلىقىمنى بىلدۈرۈپ يالقۇن ئىچەي جانان.
مۇھەببەت ئەھلىگە پۇرقەت ئارا ئەسلەشمۇ شېرىندۇر،
مېنى زەر تاۋلىغاندەك تاۋلىساڭمۇ مەيلى ئەي جانان.
سىيمايىڭ قالدى قەلبىم قەسرىدە مەبۇد بولۇپ مەڭگۈ،
بېشىمنى سەجدىدىن قانداقمۇ بىر لەھزە ئۈزەي جانان.
كېلىشكە بولمىسا ۋاقتىڭ قارارگاھىڭنى كۆرسەتكىن،
قىلىپ مەجبۇننى ھەيران چۆل - باياۋانلار كېزەي جانان.
لەھەڭ دەم يۇتسىمۇ دەريادا ئارزۇيۇڭ قۇتۇلدۇرغاي،
ئېگىز تاغدىن غۇلاپ ھاڭلاردا گۈللەر ئۈندۈرەي جانان.
ئۆلۈم مىڭ رەت يولۇقسا، مىڭ قېتىم ئىشقىڭدا غالىب مەن،
سېنىڭ تۇرسا بۇ جان، سەن يوق يەنە قانداق ئۆلەي جانان.
كېلەر بولساڭ كېلەر بولغان يولۇڭدىن بىر بېشارەت بەر،
سېپىپ كۆز ياشلىرىمنى كىرپىكىمدە سۈپۈرەي جانان.
قىزارغان كۆزلىرىمنىڭ رەڭگىنى قان رەڭ شەپەقتىن كۆز،
سۆيۈشكە ئەرزىمەس بولسام يىراقتىن بىر كۆرەي جانان.

* *

سېنى قاي چاغدا كۆردۈم، كۆرمىدىم، شۇندىن كۆيۈپ ئۆتتۈم،
نىھان مەبۇدىسەنكىم، سەجدە ئەيلەپ يۈكۈنۈپ ئۆتتۈم.
بولۇتتەك كۆكتە لەيلەپ ئىزلىرىڭنى ئىزلىدىم ھەردەم،
دىلىمدا شەۋقى ئىشقىڭ ئۇرسا چاقماق ئۆرتىنىپ ئۆتتۈم.
شامال ھالىمنى قۇشلارنىڭ قاناتىدىن ئېلىپ كەتتى،
باھارنىڭ يامغۇرىدەك ياش بولۇپ مەن تۆكۈلۈپ ئۆتتۈم.
چىراغ يانسا كېلەر پەرۋانە ھەر ياقتىن ھايالسىزلا،
يېنىپ شامدەك، سېنى كۆرسە كېلەرمۇ دەپ كۈتۈپ ئۆتتۈم.

www.uyghurkitap.com

بۇ ھىجران پىلىسراتى دەممۇدەم ئالدىمدا پەيدادۇر،
ئۇنىڭ ھەربىرىدىن مىڭ بىر تىرىلىپ، مىڭ ئۆلۈپ ئۆتتۇم.
بولۇپ مەجنۇنغا روھەن ھەمسەپەر كەزدىم باياۋاننى،
قويۇپ بارخانغا باش چۆللەردە تۇندە چۇش كۆرۈپ ئۆتتۇم.
تامام سەييادقا يالۋۇردۇم قويۇك ئاھۇنى دەپ تاغدا،
كۆزۈڭدەك كۆزلىرى ياشلانمىسۇن دەپ يول تۇتۇپ ئۆتتۇم.
تۆرەلدىڭمۇ، ئەمەسمۇ، سېنى كۆردۇم، كۆرمىدىم ئوخشاش،
ئۆلۈك جەننەتنى كۈتكەندەك سېنى دىلغا پۈكۈپ ئۆتتۇم.
ساراڭ، سەۋدا دېسە مەيلى، ئىشقتىن تەركى غالىبلار،
خىيالىمدا قۇچاقلاپ سېنى مەڭگۈلۈك سۆيۈپ ئۆتتۇم.

* *

ئەزىز باغرىم ئەمەس ياقۇت قەدەھكىم، سېھرى جام كەلتۈر،
ئەزىم دەريانى قۇم يۇتقان كەبى يوقتۇم مودام كەلتۈر.
بېلىق كۆز جام لېۋىمدىن كۆچمىسۇن، جىسمىممۇ جام بولسۇن،
كۆزۈمدىن تاشسا تاشسۇن مەي تاراملاپ سەن داۋام كەلتۈر.
جاھاننى قىلمىغاي غوۋغايى ئالەم دەپ تۇرۇپ قالما،
سالارمەن ماجىرا دۇنياغا گەر بىر جامنى كەم كەلتۈر.
نېمە ئۇنداق؟ تىلىڭنى قاغا چوقىقاندەكلا تىمتاسسەن،
باھاردەم قارلىغاچلار ئۇنلىگەندەك خۇش كالام كەلتۈر.
بولاي مەي كەيپىدىن مەن سېھرى ئالەملەر ئارا مېھمان،
ئۆزۈڭ ساقىي بولۇپ مەي بەھرىنى توققۇز تارام كەلتۈر.
غولاچ ئاتسام چىچىلغان چاچقۇلاردىن ئەرشى مەست بولغاي،
ماڭا ئايدەك، لېكىن چېھرىدە داغ يوق دىلئارا كەلتۈر.
پەلەك سەھنىسىدە گۈلئۈز بىلەن بىر تانسا تۈزمىشمەن،
سېھىرلىك ئوتتۇز ئالتە ساز بىلەن مەستخۇش مۇقام كەلتۈر.
گۈلئەندام نازىدىن جىسمىمغا ئوت چۈشسۇن، بولاي خۇمدان،

ئۇنىڭ نازۇك تېنى ئىھ، دەستە گۈلدەك بىر تۇتام، كەلتۈر!
قۇيۇندەك پىرقىراپ ھەم ئىس كەبى مەستانە ئايلانسام،
سۇرۇپ بار ئىزتىراپىك روھىمە كەيپى خورام كەلتۈر.
ھايات سەۋداسىنى بىر دەمچە ئەسلەتمە، خۇدا ھەققى،
مۇشۇ لەھزە، پەقەت بىر لەھزىلا سەن ئېھتىرام كەلتۈر.

*        *

بۇرۇندا ئاڭلىغانمۇ سەن مېنىڭ چىنراق ھېكايەمنى،
نېچۈك يازماقچى سەن ئەمدى بۇگۈنكى بۇ رىسالەمنى.
پەلەككە ھەم تىلەك مەغرۇرلۇقۇم ئىزھار شەجەرەمدە،
خاتادۇر يازمىشىڭدا سەجدىگە قويساڭ پېشانەمنى.
كۆرۈپ جۇلدۇرلىقىمنى زاھىرىمدىن بەس، چاۋاك ئۇرما،
قارا، قەلبىمگە سەن كۆرگەنمىدىڭ بۇ مىسلى ئالەمنى.
«تولا مەغرۇر!» دېگەن ئۇنۋاننى ئەل بەردى، ساڭا بەرمەي،
شۇڭا خەلقىمگە رەھمەت دەپ چىڭىتتىم پاك ئەقىدەمنى.
سۇلايمان تاجىدىن مىڭ مەرتىۋە قىممەت شاپاق دوپپام،
مالايىكلەر يازارمىش ئەرلىكىمگە خاس قەسىدەمنى.
بېھىش قەسرى ۋە يا ئايۋانى ئەنھاردىن تەمەيىم يوق،
تاۋاپ قىلسۇن تىمىغا يۈز يېقىپ ھۆرلەرمۇ كەپەمنى.
مېنى تاپماقچى بولغانلار ھەسەن - ھۈسەن بىلەن ماڭسۇن،
چېقىنلار ئەۋجىدىن ئىزلە مېنى - مەردانە بەردەمنى.
ئەنە چولپان، ھۆكەر يۇلتۇز، شەپەقنىڭ قوينىدا جايىم،
پەلەك سالمىش پاياندار يول - يولۇمغا كۆرسە مەپەمنى.
ناگاھ مەڭزىمدە ياش كۆرسەڭ مېنى بىچارە دەپ قالما،
ئاشۇ قەترەمدىكى دەريا كۆيىدىن ئاڭلا كۈلكەمنى.

*        *

www.uyghurkitap.com

چىنارنىڭ شىخىدىن رىشتە ئۈزۈپ بىر تال غازاڭ ئۇچتى،
ئۇنى قوينىغا ئالماق كويىدا بىرقانچە هاڭ ئۇچتى.
خازان رەڭگى گۈگۈمدا ئىلغا بولدى شولا - تىللادەك،
گويا غاپىل كۆزگە تون كۆكى ئۈستىدە تاڭ ئۇچتى.
سۇخەنچى ئۈندىشىدىن يۇزلىگەن قوللار رۇجەك ئاچتى،
بولۇپ مىش - مىش خالايىقلار ئىچىدە جىق پاراڭ ئۇچتى.
شۇ چاغ نۇر كەشتىسىنى توقۇدى ئاقىل يىپىپ پەنجىر،
بۇ كۇس - كۇسلارنى قوغلاپ كەينىدىن قانچە ساراڭ ئۇچتى.
شەپەق باغلارغا رەڭ تاشلاپ، خورازلار چىللىغان دەمدە،
نەزەر سالساق ئاڭا، هەي، شولىلار قوينىدا چاڭ ئۇچتى.
بىدىك دەرۋازىدىن ئاتتى ئۆزىنى ئۆيگە يىغلاپ،
شۇئان ئەتراپىتا ماتەم كويىدەكلا بىر ئاهاڭ ئۇچتى.

* *

ئۆزۈم مەبۇد ئۆزۈمگە، ئۆز - ئۆزۈمگە ئېتىقاد قىلدىم،
خىيالىمنى غولاملىق ماجىراسىدىن ئازاد قىلدىم.
بويۇمنى قايسى خاهىش ئەگدۈرۈشنى كۈتسە لەت بولدى،
گىدەيگەنلەرگە پەرۋا پەلىكىمنى يەتتە قات قىلدىم.
بىراۋنىڭ پايىدىن توزۇغان توزاندىن كۈتمىدىم سۇرمە،
هاياتىمنى تەمەدىن تەركى - خالىس پاك هايات قىلدىم.
هالال ئىشلەپ يېگەن زاغرام مېنىڭ ئالىي نىسىۋەمدۇر،
غېنىلار لوقمىسىغا چۆمچىيىشنى كۆزگە يات قىلدىم.
تىلى تاتلىق موزاي بوپ ئەممىگەيمەن بارچە ئەمچەكنى،
لېۋىمدە گەز، دىلىمدا بەهرىئى ئابىهايات قىلدىم.
يىراق مەن بەندىلەرگە بەندىلىك قىلماق مۇقامىدىن،
هاياتلىق روزىخارىمنى ئۆزۈمگە خاس ئىجاد قىلدىم.
هاياتتا خاس ئۆزىگە قىسسە قالدۇرماق ئاسان بولماس،

قارا، ئىز چۈشمىگەن مەنزىلدە مەن ئۆتەك - رابات قىلدىم.
يولۇمغا مۇشكۇلات قورسا داۋان، كۆلكەم بىلەن ئۆتتۇم،
شىجائەتكارغا تاغ داڭگاللىقىن ئاددىي ساۋات قىلدىم.
«جاھان باقىي ئەمەس» دەپتۇ، يەنە «بۇ تۆت غېرىچ ئالەم،»
مىنۇتلارغا بېرىپ يىل شەۋكىتىن بۇ گەپنى مات قىلدىم.

* *

بولدى، بەس! توسما يولۇمدىن، دېمىگىن: «سەن بىر يالاق،
سەن بارار بولغان نىشان چۆچەككە ئوخشاش بەك يىراق،»
مەن ئەمەستىم چۈشكە ئامراق، تۈندە ياستۇق مۇشپىقى،
ھەم ئىدىم بىدارغا يات، ئويغاققا ئوخشاش ئۇخلىغاق.
تۈندە سېھرى كۆي كارامەتلىك قولىغا چۈشتى روھ،
شېۋە قەدرى ئۆتتى ماڭ دەپ، قول سوزۇپ قوچتۇم پىراق.
بارىمەن، توسما! بولۇپ شۇڭقار پەلەكتە پەر قېقىپ،
لاتا يىپ ئوقيا ئەمەس غايەمدە ئوق ئۆزگەن روچاق.
بەد قۇيۇنتازلار ئېزىتماق بولسا بولغاي گاھى، گاھ،
كۆزگە قوم تولغاندىمۇ مەنزىلدە ئۇنلەر قوڭغۇراق.
مەن بارارمەن چۆلدە يانتاق، سايدا قىرتاش ئۇستىدە،
تا شەپەقتىن باغقا رەڭ تۆككەي قىيا ئەمگەن بۇياق.
بارىمەن. . . ئۇپراپ ھاسام بولغاندا يىگنە، يا خىزىر. . .
يا كۆمۈپ قۇملار مېنى بىر جۇپ كۆزۈم بولغاي بۇلاق.
كېلىدۇ كەپتەر ئۇچۇپ سىرلىق قەسىرلەر ئۇستىدىن،
دەشتە ئاققان چەشمىلەرنىڭ ھەيرىتىدىن مىڭ سوراق.
بەھرى تارىم ئەۋجى بارخان ئاتلىسا پاھ، باغۇ باغ،
چۆلدە مىڭ ياشلاردىكى توغراقتا گۈل، بۇلبۇلغا باق.
يا سېنى باشلاپ بارار تەختىراۋانلار شۇ تامان،
نەرمىگاھ شائىر ئۇچۇن مىڭ زىندىپايلىق زەر راۋاق.

يا دېرەك بولماي يوقالسام قۇمغا چۈشكەن قەترىدەك،
چۆچىكىم بولغاي ئانا ئەللەيلىرىگە خاس قوشاق.

*　　　*

ئىشقىنىڭ بولقىسى تا بەنتى ـ بەنتىمگە زەرىپ ئۇردى،
يىلىكلەر چاچرىغان ھەرتال سۆڭەكنى مىڭغا سۇندۇردى.
چېچىلدىم قۇم كەبى، يىغلايدۇ روھىم ئايلىنىپ سەرسان،
شۇئان ئۇستۇمدە غايىب ـ غايىباتلار بەزمىلەر قۇردى.
تۇتۇپ قەلبىمنى بىر قول ئالدى نەرسە، ئىرغىتىپ ئاتتى،
ئۇنىڭ ئورنىغا مەۋھۇم نەرسىلەرنى سالدى ـ تىندۇردى.
بوران ھەر دانە ـ دانەمنى ئېلىپ ھەرياققا يول تاشلاپ،
غېرىب تالقانلىرىمنى مىڭلىغان بارخانغا قوندۇردى.
نېچۈك بىر سېھرىكىم كۆكۈملىرىمدىن قورۇلۇپ چىقتىم،
ئەمەس مەلۇم تېنىم تۇپراق بىلەن قانچە ئۇزۇن تۇردى.
ئەزەل چېھرىمگە يات بىر يۈزنى كۆرسەتتى ماڭا ئەينەك،
قۇياش ئىسسىق تىلەپ ئوتلۇق كۆزۈمگە ئىلتىجا سۇردى.
بېشىمدا دەۋرى ئەيلەر ئاي، پۇتۇمدا چايقىلار دەريا،
زېمىن تاغلارنى ئۆچرەت بىرلە ئالدىمدا چوقۇندۇردى.
شاماللار ئۇستىدە ھۆرلەر ئۆتۈشتى قايرىشىپ رومال،
زىبا قوللاردىكى گۈلدەستىلەر بەرگىنى ياغدۇردى.
رىزامەن، سوقسا سەندەلگە مېنى ئىشقىم بولۇپ بازغان،
چېقىلماق سېھرى ئاچ ئارزۇلىرىمنى زەپ تويۇندۇردى.

*　　　*

ئەقىل! ئۆمرۈمنى قۇر قايتا، ئەسىرنىڭ ئەۋجىگە خاس ئەت،
ئۇمىد كۆكسىدىكى دەۋرانغا لايىق شولىغا ماس ئەت.

ئاقار يۇلتۇز قويۇپ ئىز نۇر يولىدا چاقنىشىپ ئۆتتى،
قەيەردە بولدى جەم ئەختەر، نۇرستان نەدە ئىنكاس ئەت.
دىلىمغا چەكمە مەغرۇرلۇق مۇقامى، بەس، رىۋايەتتىن،
كېلەر روھىمغا يۇز يىل كەيىندىن كۈي، ئۆيىنى تىمتاس ئەت.
نېسىپ بولماس ماڭا بەلكى يەنە ئەللىك باھار ۋەسلى،
لېكىن، مىڭ تۇنجى قارىغا مەن ھەۋەسمەن، سەنمۇ ئىخلاس ئەت.
قۇيۇن كۆك سۆيسە مەن ئۈستىدە ئاسمانغا غەزەل چەككۈم،
مېنى شىردەك جىگەرلىك، ياق! قېنىم - قەترەمنى يولۋاس ئەت.
بوران سىنغان يېشىل توغراق مېنى چىللايدۇ ھەر سۇبھى:
ئەسىرلەر چۆللۈكىدە كېرىيە قۇر، باغى قورغاس ئەت!
سامان يولىنى باقتىم ياتقۇزۇپ تەكلىماكانىمغا،
بۇ ئىزگۇ ھېس رىيالسىز قالمىسۇن ئۆمرۈم ئارا راست ئەت.
بېرەر ماڭلايلىرىم مەرۋايىتى قۇملارغا دۇر نەرخى، قولۇمنىڭ
مېھرى تەگكەن تاغۇ تاش قەدرىنى ئالماس ئەت.

* *

ھايات خانەمدە ھەردەم بىتەكەللۇپ باركى بىر مېھمان،
پولات دەرۋازىلار قەسرىمدە سېھرىدىن ئوچۇق ھەر ئان.
مېنىڭ ئەركىم ئۆنىڭ يادىغا كەلگەنگە قىلار قۇللۇق،
ئاداقسىز سۇردى دەۋران روھى جانىم ئۆزرە بۇ ھىجران.
تومۇر دولقۇنلىرىمدا قانلىرىم كارۋان ياساپ ئاقسا،
ئۆنىڭ ھەر قەترىسى ئۈستىدە ياندۇرغاي ئەرىم گۈلخان.
جۇدالىق دەشتىدە چاڭقاقلىقىم باغرىمغا شور چاپسا،
بېرەر يالقۇن شارابى لىپمۇلىق ئوتدان كەبى پەيمان.
قىيالارغا يېپىشتۇرغاي مېنى ئاسماندا گۈل تەڭلەپ،
شىۋىرغان مۇز داۋاندا يۇرگىنىمدە يىغلىغان گىر يان.
شەپەقە يۆگىنىپ تاغ باغرىدا قانچە تۇنەپ قالدىم،

www.uyghurkitap.com

چۈشۈمدە ئاي بېشىمدىن ئايلىنىپ يۇلتۇزنى ياغدۇرغان،
چېقىنلار تاۋلىغان جىسمىمغا يامغۇرلار سىڭىپ كەتتى،
يانار تاغ ئۈستىدىن ئۆتسەم لاۋالار بولدى لال ـ ھەيران،
شامال سۆزمەنلىكىدىن بۇ جاھانغا بىر چۆچەك بولدۇم،
ھېكايەمدىن كۆيۈپ ھوشسىزلىنىپ ياپراق تۆكەر ئورمان.
يىغانىمدىن يىقىلدى تال شىخىدا ئۈنلىگەن كاككۇك،
چېچەكنى چىشلىگەنچە كۆزلىرىنى يۇمدى بۇلبۇلجان.
نە تۈندە كۆز يۇماي بىردەم، كۈندۈز ياغرىغان كۆلكەم،
يىغىنىدەك تۆكىلەر باغرىمغا ئارمان ئۈستىگە ئارمان.

* *

شەپەقگۈن مەي ئۇزات ئاسمان ماڭا ئالتۇن پىيالەڭدە،
نە ئالتۇنكىم، قۇياش يەڭلىغ تامام يالقۇن پىيالەڭدە.
يۇتۇپ قاڭسىق شاراب مەستانىقلار ۋايىسىز ئۆتتى،
بۇدۇ مەردلىك بىلەن قۇت ئابى سۈن گەردۈن پىيالەڭدە.
ھايات چاڭقاقلىقى تۇتقان ئەسىرلەر لىۋى قوۋزاقمىش،
پەلەك ئىچتى ئېلىپ قاقشال يۈرەكتىن خۇن پىيالەڭدە.
چېقىپ تاغ، سۇ ئىچىپ پەرھاد ۋىسالدىن قەترىسىز كەتتى،
باياۋاندا يۇتۇپتۇ قۇمنى چاك مەجنۇن پىيالەڭدە.
كەسىپ بولمادۇ مەككارلىق بېدىككە تەڭگىنى كۆرسە،
تىلەك مەھكۇملىقى كەلمىش بولۇپ تۇتقۇن پىيالەڭدە.
شاراب تەكتىدە گۈلئۈز ئەكسى لەيلەيدۇ كۆزى نەمناك،
يۇتۇلمىشتۇر قاچان بۇ جادۇگەر ئەپسۇن پىيالەڭدە.
ئۇزات! جامىڭنى ئۆتمۈش ھەسرىتىگە ياش بىلەن لىقلاي،
ۋىساللىق لەۋدە كۈي چەككۈم گۈزەل مەزمۇن پىيالەڭدە.
قىزىل گۈل شىرنىسىدىن شىر كەيىپ بولسۇن خازان ياپراق،
باھار. . . بۇلبۇل ئۈنىدەك كۈلكىلەر ئۇچسۇن پىيالەڭدە.

رەشىكلەر دادىخاھسىز ئۆز تىلىنى ئۆزى يەپ يۈتسۇن،
مۇھەببەت راھى روھلار شەۋقىنى قۇچسۇن پىيالەڭدە.

* *

چۇشىدە گۇل كۆردى ئالتۇن قەسرىدە بۇلبۇل گويا،
بىر قىيا خۇش رۇي تىلەپ ئەيلەشتى شائىر ئىلتىجا.
بىر قىيا كۇلكە يۇگۇرگەن خەيرخاھلار گاھى - گاھ،
ئۇ چىقىپ بولمايدىغان ئاسمان پەلەك بىر تىك قىيا.
بىر قىيا - قۇملۇقتىكى جان سۇ تىلەپ پاك جانىغا،
ئىزلىمەي دەريانى، نەم بولغانغا ئوخشاش تۇتىيا.
كىم چۇشەپ باقتى قۇياش باغرىدا ئۆتمەكنى تۇنەپ،
تاپتى تەسكىن كۆڭلى كۇن ئۆتسە تۆكۇم بىر ئان زىيا.
ئېگىلىپ ئالماس قىيا بېشىغا ئالماشتۇر مېنى،
كۇن بىلەن ئىشرەتتە مەن، ئىشەنمىسەڭلا ئاي گۇۋاھ.
بىر قىيانى بىباھا دەپ قىلما دەۋا بىناۋا،
چەك - چېكىدىن يىرتىلىپ كەتسۇن تىلەمكەش پەتىۋا.
بىر قىيا باقماس زىباغا بولسا سەجدەڭ بورىيا،
پاك تىلەك خار بولغۇسى، كۆڭلۇك كۆكى زۇلمەت - سىيا.
سۆيگۇنى بولماس تىلەپ، يۈز ئۇرما يەرگە ئىختىدا،
بۇ گېپىمدىن رەنجىدىڭمۇ ئەي مەمەددان دىلرەبا.
كۆزلىرىمدىن چۆك دىلىمغا، مىسلى نۇر دەريا دىلىم،
مىڭ سائادەت كىم ساڭا بۇ كۆزلىرىم سالسا نىگاھ.
لالە - گۇل روھىمدا دەريا بويلىرىدا ھۆپپىدەك،
ئەڭ زىبا گۇللەردە گۇلدەستە تۇزۇپ تۇتقاي سابا.
بىر قىياغا بىتەلەپ مەن، بىنەزەرگە بىنەزەر،
لازىمى پارلاپ تولۇن ئايدەك كۇلۇپ كەلمەك ماڭا.

*            *

باھار كەلمىشنى بىلدىم، كۆكتىكى قاقىر بىلەن غازلىن،
سۈپۈر چاڭلارنى يەردىن دەپ ئۆتۈندۈم كۆپ قۇيۇنتازدىن.
قىلىپ ھېسلار غەرق، شېرىن خىيال دۇنياسىدا يۈرسەم،
ۋىچىرلاپ قارلىغاچلار نەدىدۇر ئۇن بەردى ئۇز يازدىن.
ئويۇمدا ئۇندى مايسا، ئوينىدى بەرگىنى مەيىن يەل،
قۇرۇق شاخلارغا زۇمرەت رەڭ يوپۇرماق قوندى ئاز - ئازدىن.
سۈزۈك دولقۇندا غىلدىرلاپ بېلىق ئوينايدۇ، مۇز نەدە؟
ئېگىز تاغلاردىكى قىش نەيزىسى يانماقتا ئەلپازىدىن،
جىمى جەننەت ماڭا بوستان، گۈلىستانلارنى كۆرسەتتى،
ۋەتەن گۈلباغلىرىغا نۇسخا ئالدىم بارچە ئەندازدىن.
باھار غولمانلىرى باشىمغا گۈل قاقتى مۇئەللەقتە،
قاماشتىم كۆنگە باققاندەك نىگار چېھرىدىكى نازدىن.
ئۇچۇپ تورغاي كەبى شوخ ، قىر، ئېدىر - يوللارغا پەر چەكتىم،
ئاياغ باسماققا ئەيمەندىم يېشىل بەرقۇت پاياندازدىن.
چىقىپ تىلسىم تېغىغا مەن پولات بولقامنى ئويناتسام،
شۇ دەم ئويغاندى چۆل دەريا كۆتۈرگەن ناخشا - ئاۋازدىن.
پەرىشتە قوللىرى بوينۇمدا، بۇلبۇللار چۇرۇقلايدۇ،
يۈيۈلدى دىل ناۋادا، كۈي ئاقار ئەنھار بولۇپ يازدىن.

*            *

سېنى مەن ھەم بۇدەم ھىجران ئارا سالماقچىمەن ھىجران،
ئېغىر تۈگمەنلىرىڭ روھىمنى چۇرۇپ قىلدى ئۇن - تالقان.
ئۇچۇپ كاككۇك دىلىمدىن ئۇن تۆكۈلۈپ ئاق قارنى ھال ئەتتى،
پىراقىنىڭ سايىسى كىرپىكلىرىمنى ئەيلىدى ئايۋان.
بۇلاپ ئۇيقۇمنى، يار ئەكسىنى كۆرسەتتىڭ تولۇن ئايدا،

ئېسىلسام ئاق بۇلۇتلارغا پەلەك باغرىنى قىلدىڭ قان.
باياۋانلار ھېكايەت كۆرسىتەر يىغلاپ سۆڭەكلەردىن،
پىچاقلانغان ئۇمىدلەر قانسىراپ كۆكسىمنى قۇم باسقان.
نېمە ئۇ مۇنچە مىسكىنلىك، يېتەر ئەمدى تامام لەببەي،
ھايات ئەركىنى ئالسۇن ئۆز قولىغا ئەمدى ھەربىر جان.
ئېچىرقاپ دىل، تەكەللۇپلارنى ئاخىر مەنمۇ توختاتتىم،
بۇزۇلدى بارچە مىزانىڭ، قارا! باغرىمدا ھۆر - جانان.
شۇ تاپ لەۋ - لەۋ چاۋاكتا، جور ئاڭا گۈلباغدا بۇلبۇل - گۈل،
ئايا ھىجران نېچۈك دەھشەت ئىكەن خۇمدان ئارا قالغان؟
بۇ دەم پەنچەڭنى ئۆز پەنجەڭدىكى جۈپ تاش بىلەن ئۇرسام...
نېمە؟... جىسمىڭغا بەزگەك چاپلىشىپ سالماقتىسەن ئەپغان.

* *

تېنىمگە جان بىلەن تەڭ چۈشتى ئوت، ئاتەش يۈرەك بولدۇم،
جۇنۇنلۇق چاقلىغان ھىجران پىچاقىغا كېرەك بولدۇم.
قۇچۇپ ھەر قەترە قانىم ئارزۇ چەكتىم ئۇپۇققا خەت،
گويا قاردەك شەپەقتىن يەرگە قونغان كېپىنەك بولدۇم.
دېمە قار، رەڭگى ھال، چوغ تەپتى بار ھەر بەرگىگە سىڭگەن،
قىراۋ مۇنچاقلىغان شاخلارغا قوندۇم، ئۆز چېچەك بولدۇم،
سابادىن كەلدى بۇلبۇلنىڭ ئۈنى، روھ ئالىمىمدە توي،
قۇياشقا يەر يۈزىدىن رىشتە تارتقان زەر پىلەك بولدۇم.
خىيال نۇر چايقىغان دەرياكى، دىلدىن چەشمىزار تاپقاي،
ئەزەللىك نەزمىگاھلارغا قانات سۈرگەن تىلەك بولدۇم.
ئۇچۇپ ھەرتال گىياھدىن كۆلكە قوندى كۆككە يۇلتۇزدەك،
داۋام خەندانغا تويماي مەي ئىچەر مەستخۇش پەلەك بولدۇم.
يۇلۇپ يۇلتۇزنى ھەركىمنىڭكىنى ئۆز ئىلكىگە سالدىم،
خالايىقلار ئارا شۇنداق يېقىملىق بىر چۆچەك بولدۇم.

* *

ئاھ، يېتىملىك قىلدى بەك ۋەيرانە يىغلايمەن ئانا،
توختىماي كۈندۈز ـ كېچە ھەرئانە يىغلايمەن ئانا.
يىرقىراپ قىشتا شۇۋىرغان ئۇيىنىغان ياپراق كەبى،
بىناۋالىق دەشتىدە سەرسانە يىغلايمەن ئانا.
تاش بېغىر بولغاندىمۇ يىغلايدۇ ھەركىم يىغلىسام،
ماڭا كار قىلماس تەسەللا، يەنە يىغلايمەن ئانا.
كىم مېنى باغرىغا ئالسۇن ساڭا ئوخشاش، ۋادەرىخ. . .
مەن ئىدىممۇ ئەسلى شور پېشانە، يىغلايمەن ئانا.
مەن ئىدىم مېھرىڭدە پارلاپ نۇرغا تولغان، ئايىنىغان،
تاشقا تەگدى سەن كېتىپ دۇردانە، يىغلايمەن ئانا.
بار چېغىڭدا كۈلكە ـ خەندان ئەيلىگەك ئوغلۇڭ قىنى،
خۇددى دەمدەردەك مانا چەندانە يىغلايمەن ئانا.
ئاھلىرىمدىن ئۆرتىنىپ كاككۇك يىقىلدى قان قۇسۇپ،
ئەلگە سۇندى دەردلىرىم پەيمانە، يىغلايمەن ئانا.
كىم مېنىڭ كۆز ياشلىرىمنى سۈرتىدۇ؟ ۋاي، سۈرتمىگەي،
ئەسكى پىنھانىمدا مەن يېگانە يىغلايمەن ئانا.

* *

ئاھ، ياشاپ بولمايدىكەن دۇنيادا بىر ئەندىزىدە،
گاھى ئالتۇن، گاھى خەسمەن كىشلەرنىڭ لەۋزىدە.
ناشتىدا ئاقىللىقىمدىن جان تىنىمگە پاتمىسا،
دۆتلىكىمدىن كەچتە ئەھۋالىم خاراپتۇر بەزىدە.
ھېلى بەختىمدىن تىزىمغا قول ئۇرۇپ كۈلسەم تازا،
بىھايال بەتتەلىيىمدىن بولىدۇ باغرىم زىدە.
گاھى سايەم بەرسە شاھزادە غۇرۇرىدىن خەۋەر،

ناگىھان غەمناك گاداھتەك بولىمەن غەم گىزىدە.
ئەھلى دانا تەۋسىيىمنى قىلسا ماختاپ مۇشۇ تاپ،
قىممىتىم سولغان غازاڭ چۆپرەندى تۇزگەن بەزمىدە.
سالسا ئەپسانەم تالاي دىللارنى غەشلىك ئىچىگە،
گاھ ئۇلۇغلاندىم گۈزەل مەزمۇن بولۇپ ئۆز نەزمىدە.
مەيلى كىم قانداق دېسە ئۆز خاھىشى، مەن ئۇ ئەمەس،
شۇم ئىغىزنى ئەتكىلى بولمايدۇ بىر باش سەۋزىدە.
مەن بۆلەك ئادەم، مىجەز، خۇلقۇمۇ خەقكە ئوخشىماس،
مەسخىرەم پايخان تۇزۇپ ئوينايدۇ نامەرد ئەرزىدە.
مەن ياشايمەن بىر ئۆمۈر كۆڭلۈمگە ياغقان پەدىدە،
مەڭگۈ باغلانغان ئەقىدەم ئەل ۋە ۋىجدان قەرزىدە!

* *

بۇ مېنىڭ رەڭگىمنى سەن كۆرمەكچى بولساڭ زەرگە باق،
ياكى ھالىمنى بىلەر بولساڭ تېگىمگە — يەرگە باق.
تەلمۈرۈپ تاڭدەك جامالىڭغا يولۇڭدا كىرپىكىم،
سەۋرىسىز ياش كۆزلىرىمگە — ئېرىگەن ئەختەرگە باق.
مەن سېنى ئىزلەپ قىيا تاشلارغا رەڭ چەكتى قېنىم،
باقمىغان قۇتلۇق نىگاھلار چۆلدىكى گۆھەرگە باق.
ناتىۋان ئۆمرۈمگە مەلھەم ئىزلىدىم، ئاھ، تاپمىدىم،
ھەمرىھىم - جاللات قولىدا ئوينىغان خەنجەرگە باق.
ھېسلىرىم سەرگەشتە ھىجرىڭدە قويۇن سۇرگەن چېغىم،
يولۇنۇپ قۇش جىسمىدىن يەل ئوينىغان ئاق پەرگە باق.
مەن سېنىڭ نامىڭنى چىللاپ ياتمىدىم كۈندۈز - كېچە،
ناگىھان قىسماققا چۈشكەن باغرى قان دەمدەرگە باق.
سوقسا گۈلدۈرماما پۈرقەت، قۇترىغان چاغدا بۇلۇت،
كۆكسىگە چاقماق يىقىلغان گۈلگە - نىلۇپەرگە باق.

پاك تىلەك تولدى نەقىشلەرگە قەسىدەك چېكىلىپ،
ئويمىكارلار نزمە پۈتكەن سۈپسۈزۈك مەرمەرگە پاك.

*           *

رىۋايەتتىن تېپىپ ئونلاپ ئۇلۇغنى ئەيلىدۇق ھۆرمەت،
ئۇلار قانچە ئىدى؟ تاك! ئويىمىزدا بولدى خوپ سۆلەت.
بولۇپتۇ ھەر مۇسۇلمان ئۆمرىگە زەمزەم تەمەلىق سۇ،
يۇرۇڭقاش ھەيرىتىدىن بۇ مېنىڭ كۆڭلۈمدە مىڭ ھەسرەت.
دېيىشتۇق كۆپ ئەسىر گۆھەر - جاۋاھىر ھەققىدە چۆچەك،
دەرىخا! قاشتېشىغا ئەقلىمىزدە چەكمىدۇق خوش خەت.
شەرەپمۇ ياكى نۇخسا؟ بىزگە ئەلا «يوق» بىلەن «كەتكەن»،
تىرىكلەر قەدرىدىن ئۆز قەدرىنى تاپمايدۇ بۇ مىللەت.
يېنىشتى ئايغا چىققانلار زېمىنچە يوق ئىكەن ئاي دەپ،
بۇلاق قوچقان قەمەر چېھرى ھەۋەسنىڭ نۇرىدىن سۈلكەت.
مېنى ئاسىي دېسە، ئاسىي بولاي كەتكەننى كەتكەن دەپ،
ماڭا ئۆمرۈمگە ھەمدەم بىر زامانداش بولغىنى قىممەت.
ئۆلۈكلەر بىلمىسە ھالىم، يىراقلار ئوقمىسا دادىم،
ماشايىخلارغا ئەيلەپ ئىختىدا كۈتمەس پېقىر نۇسرەت.
قىنى جاملارغا ئاچچىق مەينى لىقلاك ئەمدى ئەي تەرسا،
قۇرايلى بەزمە ئاشىقلىق مۇقامىن توۋلىشىپ ھەيۋەت.
بارايلى دارغا مەشرەپ تەلۋىدەك ئالەمنى لال ئەيلەپ،
ئەجەل بەزگەك بولۇپ ئۆلگەي، ھايات مەڭگۈ سۇنار شەربەت.
سوقۇلساق بولقا - بازغاندا چىقارمىز تىغ بولۇپ سۇنماس،
قالار داشقال بولۇپ ئوت قوينىدا ئالتۇندىكى ئىللەت.

*           *

قارا! جىسمىم شاراب تولغان قەدەھدۇر، لىق - پەۋەستۇرمەن،
كۆزۈمدىن لەھزىگە ئاققاي تاراملاپ مەي، ئەلەستۇرمەن.
رىيا چۈمپەردە يىرتىلغاي غىلاپتىن ئاجرىسام تىغدەك،
تېنىم يالقۇندا پىشقان، ئوتقا سال! ئاتەشپەرەستۇرمەن.
شامال ئەركىگە بەر تەقدىر مېنى پەرۋازدا كۆك يوقلاي،
رىزا بولسام ئەگەر كىم ناتىۋان سەرگەشتە خەستۇرمەن.
پەرىشتە قاي ھۈنەردە مەن پېقىردىن بەر كامال بولمىش،
نېچۈك ئەپسۇسقا جاي پەرياد ئۈچۈن؟ دۆلەتلەرگە پەستۇرمەن.
جاھان ئوڭ ھەم ساراڭلار جەمئىسىدىن ئەسلىدىن ئەبجەش،
بىراۋغا مەسخىرە بولسام، بىراۋلارغا ھەۋەستۇرمەن.
مېنى زاھىر جاھان سىغدۇرمىسا قەلبىمدە مىڭ دۇنيا،
جاھان پەرۋايىمغا كەلمەس - يازسا دەستۇرمەن.
ئەقىل ھەيرەتتە لالكىم، سېھىر تىلسىملىق كىتابمەنكىم،
بۈگۈن كۆرگەنلىرىڭ مەن، ئەتە باقساڭ مەن ئەمەستۇرمەن.
مېنى تەرسا دېسەڭ، تەرسا دېگىن، تەرساغا تەرسا مەن،
زىلال تەركى تەمەدىن، ئەۋلىيالىق ئىزلىمەستۇرمەن.
خۇدا بەرمەكچى بولسا بىر يولى بەرسۇن خىزىرلىقنى،
بەرىكەت ياغدۇرۇپ ئالەمگە تىنماي ئاھ، دېمەستۇرمەن!

* *

پەلەك شاھىغا ئەرزىم بار مېنى يار كۆزگە ئىلمايدۇ،
رۇچاقتەك ئېگىلىپ تۇرساممۇ دەيدۇ: بۇ ئېگىلمەيدۇ.
ئىشق ياپراقلىرىم سەرسان ئۈچۈپ يۈرسە ئاياغىدا،
نېچۈك بۇ ئىلتىجاكەش ھالى دەپ كۆڭلى ئىزلىمەيدۇ.
تەبەسسۇم ئاختۇرۇپ مىڭ رەت يېلىنسام ئاھ، نېسىۋەم دوق،
ماڭا قىشنىڭ تۈنىدە ئاي ناگاھ كۆكچە تىكىلمەيدۇ.
ئۆزۈمنى مەن بىلىپ تويسام ئىكەن كۆڭلۈم ئۇزۈك يىپتەك،

ئۇنى ھەرقانچە قىلسام تەلىيىمگە بىر چىگىلمەيدۇ،
ۋىسالسىز يىغلىسام يىغلاشمۇ شېرىن دەپ پىراقىدا،
غوراپ بارغانچە توڭلاشماقتا. . . تەتۈرغۇ؟ چېكىلمەيدۇ.
مېنى بارخان بىسىپ چۈش قوينىدا كۆرسەم قىزىل ئالما،
قولۇم سوزسام تېگىپ غايىب كاچات يازغاي: يېيىلمەيدۇ!
قېنى سۆيگۈ ئىلاھى، نەدە سەن ھازىر مۇنەججىملەر؟
كېلىپ بەختىمگە قورئە سال! دېسەم، ئۇن - تىن دېيىلمەيدۇ.
نېمە بىگانىلىق بۇنداق، نېمە دىۋانىلىق بۇنداق؟
خالاسمەن ئاھۇ نالەشتىن، زىلال ئەمدى ئېگىلمەيدۇ.

* *

ھايات ھەركىمگە بىر نۆۋەت ئىكەن، ئۇن رەتكىلەمتىم؟ ئاھ ـ
ھايات مەن، قەۋزى جان بولماي كۈنى قانچە ئۆلەمتىم؟ ئاھ ...
مېنىڭلا راھىتىممۇ لەۋلىرىڭدە پىستە چاقماقلىق،
سېنىڭ لوقماڭغىلا مەن ئاچ قورساق تەڭگە تۆلەمتىم؟ ئاھ ...
بېشىمنى يۈز قېتىملاپ شوتا قىلدىم ساڭا، تارتتىڭمۇ؟
قىلىپ پەگادا مەن مەڭگۈ سېنى ئۇنسىز يۆلەمتىم؟ ئاھ ...
سېنىڭ تۇرقۇڭ گويا بىتوندا قۇيغان بىر سوغۇق ھەيكەل،
ئەبەدكە ئېگىلەمتىم ئاھ، سۆيۈك دەپ سۈركىلەمتىم؟ ئاھ ...
ساڭا كۆيگەن گۇناھىم بولدى دەستەك ساڭا يىرتىلماس،
كۈلۈپ ھەشقىپچەكتەك كەلمىسەڭ باشتا بىلەمتىم؟ ئاھ ...
چىقارغانمىش سېنىڭچە چىدىغانغا بۇ چىقارغاننى،
ۋۇجۇدۇم شولا كۆرمەي سېنىلا نۇرغا بۆلەمتىم؟ ئاھ ...
قېنى شامىمغا پەرۋانەڭ، قېنى مەيخانە — پەيمانەڭ؟
كۆزۈم جامۇ، يېشىم مەي، بىخۇدۇك ئىچسەڭ كۈلەمتىم؟ ئاھ ...
يولۇڭغا گۈل تېرىپ، ماڭلايلىرىڭغا گۈل قىسىپ ئۆتتۈم،
باھاردا جۈت بولۇپ سوقساڭمۇ «خوپ» دەپ تۆكىلەمتىم؟ ئاھ...



www.uyghurkitap.com

مېنىڭمۇ يوقمۇ ھەققىم بۇ مۇھەببەت پەيزىگە تالىق،
ھەمىشە دەرد ۋە ھىجران خەنجىرىدە سۆكىلەمتىم؟ ئاھ...
بەسا ـ بەس! تاشلىدىم چۆرۈپ، يوقالسۇن مۇزسىمان سۆيگۈ،
زىلال دەرياغا چۈشمەي، لاي ئېقىنغا چۆمۈلەمتىم؟ ئاھ...

*          *

ئېھ، قەلەم، جانىم قەلەم، سەن جانغا ھەمراھىم قەلەم،
سەن سۆيۈملۈك مېھرىبانىم، شەۋكىتىم، شانىم قەلەم.
سەن ئۆزۈڭسەن سۆيگۈنۈم، كۆڭلى ـ دىلىمدىن كۆيگىنىم.
شادلىقىم، پەخرىم، غۇرۇرۇم، جانىجانىم قەلەم.
«يا قەلەمگە، يا ماڭا تۇر!» دەپ كېتىشتى قانچە يار،
ئۆزمىدى سەندىن ئۈمىد چىن ئىشقى پەرۋانىم قەلەم.
تۈنلىرى ياستۇق بېشىمدا بولىسەن ھەمراھ ماڭا،
بارمۇ مۇنداق چىڭ مۇھەببەت؟! ئېھ، قەدىردانىم قەلەم.
سەن ھاياتىم، سەن قاناتىم، سەن بىلەن قاقتىم قانات،
خۇشلۇقۇمغا خوشلۇقۇم، دەردىمگە دەرمانىم قەلەم.
چوغلىنىپ ئوتلۇق تىلەك، قۇرلارغا گۈل چەكتىڭ ھامان،
سەندە ئىزھار بولغۇسى دىل شەۋقى ـ داستانىم قەلەم.
سېنى ئاسرايمەن كۆزۈم قارىچۇقىدەك گۆھەر بىلىپ،
سەن بىلەن پارلايدۇ تاڭدا بەختى ـ چولپانىم قەلەم.
دوستلىرىمغا مېھرىبان، دۈشمەنگە ئوق ـ يارىم ئۆزۈڭ،
زۇلپىقارىم سەن قولۇمدا ھەمدە قالقانىم قەلەم.
ياز قەلەم! يۈرەك قېنىم بولسۇن ساڭا پۈتمەس سىياھ،
سەن بىلەن بولسۇن بىنا بەتلەردە بوستانىم قەلەم.
دىلنى مەپتۇن ئەيلىسە باغىڭدا گۈللەر جىلۋىسى،
قىلغۇسى بۇلبۇلنى مەست ـ لال كۆلكە ـ خەندانىم قەلەم.

*          *

كۆڭۇل باغىمدا سەيلان قىلغىنى پەرۋانىدۇر، بىلسەڭ،
دىلىمنىڭ خانىسىدە ئۇ هامان مېهماندۇر، بىلسەڭ.
دېمە شائىر ئۇنى ئاجىز، كىچىك، نىمجان، كۆيەر ئوتتا،
ئۇنى دەيمەن ساداقەت تەختىنىڭ سۇلتانىدۇر بىلسەڭ.
جاسارەت بابىدا كۆرمەكلىكىڭ تەس ئۇنچىلىك جانۋار،
پەزىلەت ئوردىسىدا ئۇ ئېسىل دۇردانىدۇر بىلسەڭ.
ئۇنى هەربىر كۆرۈپ ئالەمچە قۇدرەتكە تولار كۆڭلۇم،
بۇ ئاتەشلىك يۇرەك پەرۋانىغا مەيلانىدۇر بىلسەڭ.
بىلىپ پەرۋانە كۇل بولماقنى ئاتقاي جاننى يالقۇنغا،
يورۇقتا تەلپۈنۈش هەرچاغ ئۇنىڭ ئارمانىدۇر بىلسەڭ.
كېچەر ئۇ جاننى دەپ قانداق سۆيۈملۈك يارى يالقۇندىن،
نىگارى ۋەسلى چۇن جاندىن كېچىش ۋىجدانىدۇر، بىلسەڭ.
ۋەتەنگە رىشتى باغلانغان گويا پەرۋانىمەن مەڭگۇ،
بۇدۇر سادىق دىلىمنىڭ تەۋرىمەس پەرمانىدۇر، بىلسەڭ.

*　　　*

بەدنىيەت، مەككار هەسەتخورلار تۇمەن لەنەت ساڭا،
ئىچ - ئىچىمدىن خۇددى ۋولقاندەك تاشار نەپرەت ساڭا.
ئويلىما خەق بەختىگە چاڭ سېپ تاپارمەن پايدا دەپ،
بۇ رەزىللىكتىن مۇيەسسەر بولمىغاي نۇسرەت ساڭا.
ئۆزگىلەر قۇچسا زەپەر ئۆرتەنمە قىلدەك تولغىنىپ،
كاسكى ئىتتەك ئاقىۋەت بولمايدىكەن ئىبرەت ساڭا.
خەلقئالەمدىن نومۇس قىلمايدىغان هالىڭغا ۋاي،
سەزمىدىڭمۇ قەهرىلىك باقماقتا ئەل دەهشەت ساڭا.
تىللىرىڭدىن تامچىتىپ باقساڭمۇ بال، قەلبىڭ زەهەر...
بۇ رەزىل رولنى ئورۇنلاش نەقەدەر كۇلپەت ساڭا.
قانچىلىك كىر ئىزلىگىن تىرناقمۇ تىرناق ئاختۇرۇپ،

بىر ئۆمۈر تارتىپ مۇشەققەت يوق شەرەپ ـ شاۋكەت ساڭا.
ئەھلى نامەرد، چەك يەنە دەرد، ئۆرتىنىپ كەت تا ئەبەد،
تىغ ئۇرار مىسرالىرىم بەرمەي ئارام شىددەت ساڭا.
ئىت كەبى ھاۋشىپ يالاقتا بىر ئۆمۈر قالغىن، خەير،
نە ئامال؟ تەقدىردە مەنسۇپكەن ئاشۇ قىسمەت ساڭا.

* *

دەردىنى بىلمەس مۇساپىر نىڭ مۇساپىر بولمىسا،
بىلمىگەي يۇرت قەدرىنى ھەركىم، مۇھاجىر بولمىسا.
زوھراجان! دەپ ھەممە ئادەم ئاقمىغاي دەريا ئارا،
زوھرا يار! دەپ نالە چەكمەس دىلدا تاھىر بولمىسا.
قىممىتى بولماس ۋىسالنىڭ ھىجرى جاندىن ئۆتمىسە،
سۆيگۈ تەمى بولمىغاي يار ئىشقى زاھىر بولمىسا.
ئەل ئارا پەرھات سانالماس بەھرىسىز لاپ گەپ بىلەن،
تاغ يېرىپ دەريانى كەلتۈرمەككە قادىر بولمىسا.
مۇڭ ـ خۇشاللىق، نالە ـ كۈلكە ئەسلىدىن قوشماق ئىكەن،
نېم بولار ئەل دەردىنى يۇتماققا شائىر بولمىسا.

* *

ئېچىلماس گۈل بولۇپ سۆيگۈ ۋىسالى داغى ھىجرانسىز،
زىبالىق ۋەسلىگە يەتمەيدۇ گۈلزار لالە ـ رەيھانسىز.
ھايات زەۋقىنى تاپمايدۇ ئەركىسىز، بەند پەقەز بۇلبۇل،
دىيارىم قوينىدا كۈلگەن بېھىش يەڭلىغ گۈلىستانسىز.
گويا دەريا سۈيى بەزەن تېشىپ، گاھ پەسلىگەن ئوخشاش،
ئۆمۈر شادلىق بىلەنلا ئۆتمىگەندۇ نالە ـ ئەپغانسىز؟!
ئەگەر ئۇنتۇلسا تارىخ بەختۇ ئىقبالىڭنى قۇم باسقاي،

كۆلۈپلا يىغلىغاننى ئۇنتىغانلار ئەسلى ۋىجدانسىز.
تاسادىپ گۇم بولۇپ زۇلمەت ئۆزىچە كۆلمىگەن هۆر تالاڭ،
جاهالەت تەختىگە ئوت ياققۇچى مىڭلارچە مەردانسىز.
يانار تاغدەك تاشامتى قەھرى ئەلنىڭ شۇم جاهالەتكە،
ناۋادىن دىلغا ئاتەش بەرگۈچى شائىر- غەزەلخانسىز.
مۇراد قىلدىم ۋەتەن گۈلباغىدا بولماقنى خۇش بۇلبۇل،
ئۆتەر قانداق دەقىقەم هۆر ۋەتەندە كۈلكە - خەندانسىز.
سىڭىپ كەتسۇن چېچەك، ياپراق تېنىگە توختىماي كۈلكەم،
ئەمەسمۇ پاجىئە ئۆمرۈمگە كەتسەم نامى - نىشانسىز.
ئىكەنغۇ ئەل سۆيەر ئوغلان هارارەت بەرگۈچى ئەلگە،
ياناي ئاتەشلىنىپ، ئەل قالمىسۇن توڭلىغاندا گۈلخانسىز.
يورۇيدۇ تۈن سىياھى نۇر تۆكۈلگەچ ئاي ۋە يۇلتۇزدىن،
ياناي يۇلتۇز بولۇپ، كۆلمەس سەھەردەم سۇبھى چولپانسىز.

*　　*

بىپايان قۇملۇق باياۋاننى گۈلىستان، دەيدۇ كىم؟!
ئوت - گىياھ ئۈنمەس چۆلۈستاننى خىيابان، دەيدۇ كىم؟!
بىپاناھ سەرسان بولۇپ چۆللەردە تەلمۈرسە كىشى،
راھىتى دىلنىڭ ئارامى ئۇشبۇ سەيلان، دەيدۇ كىم؟!
ناگىھان رەيھان قېشىدا ئۈنسە ئازغان بىخ سۇرۇپ،
بۇ گۈلىستانىمغا زىننەت، كۆركى بوستان، دەيدۇ كىم؟!
كىرسە مەينەت ئىت ئۆيىگە كۆرسىتىپ تۆردىن ئورۇن،
خۇش كېلىپسىز مەرھابا! سىز بىزگە مېھمان، دەيدۇ كىم؟!
ئەل ھامان ئادىل ئىرۇركى، ئۇ دېمەس يالغاننى راست،
دەرگۇمان بولساڭ سوراپ باق، يەرنى ئاسمان، دەيدۇ كىم؟!
دوستلىرىم، ئۆتكىن جاھاندىن ھەر قاچان چىن گەپ قىلىپ،
ئىككى يۈز، يالغانچى بولساڭ ياخشى ئوغلان، دەيدۇ كىم؟!

*          *

ماگا ئالەمدە ئەڭ ئاۋۋال جاپاكەش ئانىجان ياخشى،
جىگەردىن سۈت بېرىپ باققان قەدىردان ئانىجان ياخشى.
ئانام باغرىن يېرىپ چۆشكەندە كىندىكتىن قېنىم ئاققان،
بوۋاملار بوۋىسى ئۆسكەن ئانا يەر — جانىجان ياخشى.
ھاياتنىڭ قىممىتى — ئەجداد ئۈمىدىن گۈلگە پۈركەشتە،
بۈيۈك ئارزۇغا يەتمەكلىك يولىدا تەندە جان ياخشى.
ماڭا ئەلا ھايات يولۇمدا مەرد، ۋىجدانى بار ھەمراھ،
رىيازەت دەشتىدە سۆيگۈ سۈيى بەرگەن جانان ياخشى.
ئۆلاردىن ئۆرىسەم يۈز بۇ بېشىمنى ھەق تىغى كەسسۇن،
ئۆلارغا جان پايانداز ئەيلىمەك ئىككى جاھان ياخشى.

*          *

تۆكۈپ دۇردانە تەر، كۆزلەپ گۈزەل ئارزۇ - تىلەكلەرنى،
ئىجادىم باغىغا تەردىم تۈمەن خىل گۈل - چېچەكلەرنى.
بېرىپ گۈللەرگە مىڭ تۈرلى پۇراق، ھۆسنىگە مىڭ سۈلكەت،
بەرگلەر ئۆزرە پارلاتتىم كۈمۈش تەردىن بېزەكلەرنى.
ئۈمىدىم: ھەرسابا ئېپ بارسا ئالەمگە بېغىمدىن بۇي،
خالاس قىلسام بىمارلىق ئىلكىدىن خەستە يۈرەكلەرنى.
ئارامگاھ بولسا گۈلزارىم دىلىغا ياققۇدەك ئەلنىڭ،
زىبا گۈللەرگە تولدۇرسام گويا تۇزدەك ئىتەكلەرنى.
گۈلۈمنىڭ چېھرىدىن رام ئەيلىنىپ جەم بولسا بۇلبۇللار،
ھەسەت گۈلخانىدى ئۆرتەر چوقۇم ھەشقىپىچەكلەرنى.

*          *

www.uyghurkitap.com

بېشىڭدا گەرچە شاھلىق تاج، ساڭا باش ئۇرسىمۇ دۇنيا،
سېنىڭ ھۆكمىڭگە باغلىق بولسىمۇ ئالەم، شۇنى تۇيلا:
چوقۇم ـ كۆڭلۈڭ كۆكىدە چاقنىماسكەن مەرىپەت نۇرى،
ئۇ يەڭلىغ شاھلىقىڭ بىر پۇل، ئۇنىڭدا بولمىغاي مەنا!
بىلىم ئىنسان ئۈچۈن تەڭداش تېپىلماس رەھنىما، مەشئەل،
ئۇنىڭدىن بولسا كىم مەھرۇم زەئىپ، كۆز ساق، لېكىن ئەما.
بىلىمسىز بىر تىرىك موردا ئېرور كىم، ئۇندا ئاڭ بولماس،
بىلىملىك بىر قۇياشكى، نۇر تۆكەر دىللارغا ئۇ گويا.
بىلىمسىزلەر تېنىدە بولسىمۇ شەمشاد كەبى قامەت،
بىراقكى، ئۇ قولىدىن قىلچە ئىش كەلمەيدىغان لەقۋا!
ئەمەستۇر مۇشكىلات ئاقىل ئۈچۈن دۇنيا ھېچبىر سىر،
كارامەتلىك قولىدا مۆجىزادلار بولغۇسى بەرپا.
ئۆگەنگىن، نەۋ باھارىڭ گۈل ـ چېچەك ياپسۇن دىيارىڭغا،
ئاناڭ بەرگەن ھالال سۈت مېھرىنىڭ بىر قەترىسىدىن ئاقلا!

*       *

ھاياتلىق بەخش ئېتىپتۇ ماڭا كۆر دەپ جۇپ قارا كۆزنى،
بېرىپتۇ تىل، تىلىمغا خوپ پاساھەتلىك لەزىز سۆزنى.
بەخت باغىنى قورغاي دەپ بېرىپتۇ پۇت ۋە قول ھەمدە
گويا جەننەتتە پىشقان ئالمىدەك ئاقۇ قىزىل يۈزنى.
قىلىپتۇ دىلنى بەرپا كەڭرى ئالەم، كەڭ سامادىن كەڭ،
پىدا ئەيلەپ ئاڭا روھتىن تۈمەن كۈن، ئاينى، يۇلتۇزنى.
ئىكەنكى روھىي ئالەم ئەركىنسى سۆيگۈ دېگەن ئۇز قۇش،
ئۇنىڭ ھەربىر پېيى مىڭ رەڭ جۇلاكى لال ئېتەر توزنى.
ئەمەسمەن قەرزدار ھېچ كىمگە، ئەركىم روھىي مۈلكۈمدۇر،
بولۇر لەت، كىم سىلىشنى ئويلىسا ئەركىمگە تورمۇزنى.
قارايمەن، باقمىقىم ئۆز خاھىشىم ئەزگۈ، گۈزەل ئىزلەپ،

قىلىپ سۆز خۇش پاساھەت رىشتىدە باغلايمەن گۈلئۈزنى.
رەشىك قىلما گۈزەللەر تەلمۈرۈپ تەلپۈنسە چېھرىمگە،
جامالىم چەشمىسى گۈلشەن ئىتەركىم نۇرغا ئۇسسۇزنى.
جاھان سىغقان دىلىمغا سەن سىغارسەنغۇ، ھەسەت قىلما،
نۇرىستانىمغا چىللاپ يورۇتارمەن بەختى قۇندۇزنى.
قانائەت ئەيلە سۆيگۈمدىن ساڭا بەخشەندە بىر تامچە،
مېنىڭ ئىشقىم تەسەددۇق كۆپكە، سۆيمەس بىرلا يالغۇزنى.
قىلىپ تەركى جاھان ئالماقچى بولساڭ مېنى ئىلكىڭگە،
چۇشەرسەن تەھتى قەھرىمگە، قۇچارسەن بىر ئۇمۇر مۇزنى.

* *

ساڭا شىلتىگەن قولۇم تىترەپ تۇتۇپ تەستە قەلەم،
يۈز تۈمەن ئەپسۇس بىلەن يازدىم سالام ئەي مۆھتەرەم.
دەرسە: «قاي يۈز بىرلە قايتا ماڭا سۆز قىلدى تىلىڭ؟»
مەرد ئىدىڭ، مەردلەرچە قىلغايسەن گۇناھىمنى كەرەم.
باش ئۇرۇپ پاك سۆيگۈ ئىزھار ئەيلىسەڭ، تەپكەنىدىم،
ساڭا ھۇرپەيگەن يۈزۈم تۆپراققا تەڭ بولدى بۇ دەم.
دىل بۇلۇتلۇق كۆك گويا گۈلدۈرماما ئاھىم مېنىڭ،
تۆكمە يامغۇردۇر يېشىم باسقان يولۇمنىڭ بارى نەم.
بىلمىگەي دەريادىن ئايرىلماي بېلىق سۇ قەدرىنى،
ئاھ ۋىسال ئۇسسۇزلۇقىدىن قاقىرام چۆلدۇر سىنەم.
سەن مېنىڭ قۇتلۇق قۇشۇم سەيرىگە خاس گۈلشەن ئىدىڭ،
لەيلىنى تاشلاپ قونۇپ ئازغانغا قاندۇر باغرىم ھەم.
شۇملۇقىمدىن بىۋاپا قىپ ئۆزۈم تاپتىم جاپا،
قىل ئەپۇ - ۋىجدان ھامان روھىمغا قىلماقتا سەتەم.
مەن ئەپۇ ۋەجى بىلەن تاپماقچى بولمايمەنغۇ نەپ،
مەن ساڭا زىنھارى - زىنھار مەڭگۇ نالايىق سەنەم.

* *

ئېلىپ يار بويىدىن بۇي ھەر سەھەر ئەلچى ـ سابا كەلگىن،
سابادەك ئەركىلەپ ئويناپ خۇيى ئۇز دىلرەبا كەلگىن.
ھاياتلىق ھۆسنىدە زۇمرەت جۇلاسى يالتىرار يازنىڭ،
مېنىڭ ئۆمرۈم شېخى ياپراقلىرىدۇر كەھرىۋا، كەلگىن.
ھېجىر قوينىدا مەن گوياكى گۆھەردەك سەدەپكە بەند،
سەدەپنى يارە قىلىپ دۇردانىنى پارلاققىنا، كەلگىن.
جۇدالىقنىڭ قازاندەك تۈنلىرى يىغلاپ بەسىر بولدۇم،
يۇتۇقدىن ئۆرلىگەن چاقدۇر كۆزۈمگە سۈرمىيا، كەلگىن.
قىلىپ ئەردىڭ دېگەندەك: ساقلا جەزمەن، مەن بارارمەن دەپ،
گۈزەل لەۋزىڭگە سادىقلىق قىلىپ بىر كەلگىنا ـ كەلگىن.
ئۈمىدىم بەھرى دەريا، بىر بېلىق مەن چۆلدە، سەن ئەنھار،
ناھايەت! ھۆرلىرىڭدىن قەترە يامغۇر چاچقىنا، كەلگىن.
رىزامەت چاچمىساڭ قەترەڭنىمۇ ئەي سۆيگۈ سولتانىم،
لېكىن، بىر كەل، تىلەيمەن! دەۋالايكى، «ئەلۋىدا» كەلگىن.

* *

قىيا بىر باقتىڭا يەر تېگىدىن ساھىبجامال غەمناك،
كۆڭۈل كۆزۈمگە زاھىر بولدى باتىن كۆزلىرىڭ نەمناك.
قىزاردىڭ لەۋلىرىڭ تىترەپ، دىلىڭغا بەلكى ئوت كەتتى،
ۋاھەي، روھىم سۇنۇق دۇتار كەبى سىندى، بولۇپ چاك ـ چاك.
قېنى ئۇ قوغلىشىپ قەھ ـ قەھ سېلىشقان ئەركى ئويناق چاغ،
رەشىك ـ كۈنداش ئوتىدا قالدىغۇ ھەركىمدە بۇ دىل پاك.
نە بولغاي مۇڭدىشىپ بىردەم كۈلۈشسەك، بەزمىلەر قۇرساق،
بۇغار دىل راھىنى «ئۆزگە جىنس» دەپ ئايرىغان ئىزناك.
سېلىپ جۇپتۇڭگە كۆز، ئەندىشلىك كەتتىڭ پىقىر مۇڭدا...
ئەجەب روھىي ئازابقا ساپتۇ بىزنى بەچچىخەر ئەپلاك.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

*                    *

قىلدى تەكلىپ بىرسى كۆپرەت: «قالسىلا ئىمكان بولۇپ،
كۆلىبىمىزگە ئەتە - ئاخشام كەلسىڭىز مېھمان بولۇپ!»
دەسلىپى خۇشىياقمىغاچ يۈردۈم ئاڭا ھېچ ئۈن دېمەي،
ئەكسىچە تەكلىپلىرى كەتتى تولا چەندان بولۇپ.
چوڭچىلىق بوپ قالمىسۇن دەپ ئاخىرى باردىم، خەير،
كۈتتى پايپاسلاپ يۈرۈپ ئۇ ساقىي - ساھىبخان بولۇپ.
سېرىدىم تىزگىنىنى بۇنداق غەيرىي دوستلۇقنىڭ شۇئان،
تەگمىگەچ نەپ چىقتى دوستۇم ئىككى پۇت ھايۋان بولۇپ.
ماڭا ئەتكەن پولۇغا باسقان ئىكەن بىر چۆجىنى،
ئاخىرى سۆزلەندى ئۇ قىرقىمىغان پاقلان بولۇپ.
مانتىلارنىڭ مىنىنتى تەگدى يۈزۈمگە تاش كەبى،
جۇپ كۆزۈمدىن ئاقتى شەربەتلىرى ياش - گىريان بولۇپ.
خۇددى ئوتلۇق زىغ كەبى سانجىلدى دىلغا چوكىلار،
گاللىرىمدىن بوغدى لەڭمەنلىرى سىم ئارقان بولۇپ.
بولدى مىننەت دەستىدىن ھەرقىسما، سەي بىردىن قۇرت،
ۋاي! ئۇچەي، باغرىمنى يەپ، كەتتى ئىچىم لىق قان بولۇپ.
ئېيتىنىشچە مېنى ئادەم قىپ قويۇپتۇ ئۇ جاناب،
چۈشمىگەندەك مەن ئانامنىڭ باغرىدىن ئىنسان بولۇپ.
ئەي، مېنىڭ ئەسلىمگە شاھىد ئەل - ياران ئالغىن ساۋاق،
قالمىسۇن سادىقلىقىڭ ئاخىرى ساڭا پۇشايمان بولۇپ.

*                    *

ۋاي نادامەتكىم، ساڭا ئېيتسام بۇرادەر راستىنى،
چىن ۋاپا ئەھلى بۇدەپ ئويلاپتىمەن ئالۋاستىنى.
تىللىرىدىن بال كەبى سۆزلەر تۆكۈپ كەلسە كۈلۈپ،

جىك بۇ گەپلەر دەپتىمەن بىلمەي تىلىنىڭ ئاستىنى.
چاچلىرىنى يۆگىسە بوينۇمغا بىھوش بوپتىمەن،
ئەسلى سىرتماقلاش ئىكەن بىلسەم كېيىنچە قەستىنى
كۆزلىرىدىن تۆكسە شەبنەم سۆيگۈدەك پاك ياش ساناپ،
مېھرى ۋەسلىمدە داۋالاي دەپتىمەن دىل خەستىنى.
بىر زامان تىترەپ تۇرۇپ جىسمىمغا چىرماشقان شۇ قول،
تىرمىلاپ مەڭزىمنى رەسۋالىققا كۆمدى رەستىنى.
قالدى كۆپ دوقمۇشتا دادەي يىرتىلىپ كۆڭلەك - ياقام،
بولمىدى بىرلا بوغۇپ ئۆلتۈرگىلى ناكەستىنى.
مەن چېكىپ ئەلدىن خىجىللىق رەستىدىن قاچسام ھامان،
جارقىراپ كەينىمدە جىق ئىشلەتتى ئەڭ پەس ۋاستىنى.
كۆيمىدىڭ دەپ كۆيدۈرۈپ ئاخىردا قىلدى كۈلگە تەڭ،
تارتمىغاي ھېچ كىم مېنىڭدەك دەرد، ئاھانەت دەستىنى.

* *

يار ئۈچۈن كۆيگەن يۈرەكنى شام ۋە شامداندىن سوراڭ،
ئەھدىگە سادىق پىداكار روھنى پەرۋاندىن سوراڭ.
بەرق ئۇرۇپ مۇز تاغدا قار قوينىدا كۈلدى گۈل نېچۈن؟
نەچچە مىڭ گەز يەر تېگىدە لاۋا - گۈلخاندىن سوراڭ.
ئاي يۈزىگە نە ئۈچۈن داغ چۈشتى خورشىت سۆزلىسۇن،
ھەم شەپەق ئەمگەن قىزىلنى يەردىكى قاندىن سوراڭ.
گۈل ياقاسى چاكى - چاكتۇركىم نېچۈن بۇلبۇل ئۈچۈن،
نالە - خەندان ئىچرە سىڭگەن سېھرىي پىنھاندىن سوراڭ.
ھەر سەھەر بۇلبۇل تىكەنگە تەن ئۇرۇپ باغرىن يارار،
خوپ ۋىسال پەيزىنى جەزمەن جەبرى ھىجراندىن سوراڭ.
نە ئۈچۈن كاككۇك تىلىدىن تۆكىلەر قان ئاھ، دېسە،
ھىجرى دەردىن سۈدىن ئايرىلغان بېلىجاندىن سوراڭ.

ھەي، ئەمەس مىزان قۇرۇق گەپ چىن سۆپەت ئاشىق ئۈچۈن،
ئىمتىھان كەلسە ئەگەر ۋىجدانىغا سىز جاندىن سوراڭ.
ئاھ، جۇدالىق تەڭلىسە تىغ جانغا، جاناندىن توسۇپ،
قايسىنى تەرك ئەيلىمەكنى ئەھدى ۋىجداندىن سوراڭ.
مەن نېچۈن ئاشىق، نېچۈك ئاشىق ۋە تەشنايىم نېمە،
سۆتىدە ئىرسىمگە تامغۇزغان ئانا جاندىن سوراڭ.
گۈل ۋە بۇلبۇل، شامۇپەرۋان، لەيلى - مەجنۇن ئىشقى بەس،
يەرگە ئاققان يۇلتۇزۇمنى يەتتە ئاسماندىن سوراڭ.

* *

مېنىڭ ھالىمنى يار ياكى ياراتقان تەڭرى ئۇقمايدۇ،
بوراندەك ھۆۋلىسام ئالەم كېزىپ مەھبۇب يولۇقمايدۇ.
قاراڭ شاخ - شاختا قۇشقاچ چېغىدا مەشۇق بىلەن مەستخۇش،
مۇھەببەت پەيزىدىن يايراپ كۈلۈپ - خەندان چۇرۇقلايدۇ.
ناگاھ ئۇچراتسا مەن زار ناتىۋاننى نېمە پەرۋايى،
شىپا رەنجىمنى بەرمەي بەلكى دەردىمنى تولۇقلايدۇ.
پىيالە تەڭلىسەم ئىككى قولۇمدا سەجدىدە گەجگەم،
ئېتىپ بېشىمغا پەيمانەمنى شۇئان بەش پۇچۇقلايدۇ.
قىلىپ مەن جۈپ قولۇمنى جۈپ پىچاق باغرىمنى چاك ئەتسەم،
يۇلۇپ بۇ پاك يۈرەكنى پەنجىدە قاتتىق مۇجۇقلايدۇ.
ئېلىپ مەن خەستە جاننى زىدە جىسمىمدىن نىسار قىلسام،
گوياكى باخشى - جىنكەشتېك سۈرۈپ جاننى ئۇچۇغلايدۇ.
زىلال يارىڭ ئۈچۈن مەيلى ئىشقىنىڭ ئاتىشى بولساڭ،
ۋىسال شەۋقىدە ھىجران كۆيسىلا جانانە يوقلايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مۇرەببەلەر

## ياشايمەن ۋىجدانىم بىلەن

مەن تۇغۇلدۇم يورۇق دۇنياغا،
يىگىتكە خاس غۇرۇرۇم بىلەن.
ئاقار تەندە چىن ئەرلىك ھېسسى،
مىڭ - مىڭلىغان تومۇرۇم بىلەن.

باش قويمىدىم، قويمايمەن ئەبەد،
نائەھلىنىڭ ئاياغلىرىغا.
ئوزۇق ئىزلەپ بارمىدىم تامشىپ،
خۇشامەتنىڭ ياللاقلىرىغا.

شۆھرەت ئۇچۇن ھەلەك ئەمەسمەن،
نەپكە بولۇپ پالاس - پاياندار.
كۆڭلۈم دەيدۇ: شۆھرەت كۆپ ساڭا،
تىنماي ئىشلە، تەر تۆك ياز - ئاياز.

سايە ئىزلەپ كۆي تولغىمايمەن،
«كاتتا» لارغا قەستەن قېتىپ.
نومۇس دەيمەن مۇنار تىكلەشنى،
«ئەرباب» لارنىڭ نامىنى سېتىپ.

چىرماشمايمەن شاخ - باراڭلارغا،
ئەۋرىشىم تەن ھەشقىپىچەكتەك.
يەر قوچاقلاپ ياشىسام مەيلى،
ئەلگە مېۋە بەرگەن پىلەكتەك.

غادايمەن قورساق كۆتۈرۈپ،
بىر بوغدايدا سەمرىپ ئالدىراپ.
ئاچلىق جانغا پىچاق سۇرسىمۇ،
تاتارمايدۇ روھىم قانسىراپ.

بوگۈن ھۆرمەت قىلغان كىشىمگە
ئەتە توقۇپ چىقمايمەن يالا.
ئەقىدەمگە سادىقمەن ئەبەد،
ۋاپا ئۇچۇن بارلىقىم پىدا.

يانار مەشئەل بولۇپ ئىنسابىم،
پاك قەلبىمنى نۇرىستان ئېتىپ.
كۇلمەك ئۆلۈم دىيانىتىمگە،
دوستقا تۆھمەت چاپلاپ يىغلىتىپ.

ئەر تۇغۇلدۇم، ئەردەك ئۆتىمەن،
تاغدا كۇلگەن قار لەيلىسىدەك.
ئەرلىكنى دەپ سەرسان بولسامۇ،
ماڭا خورام باغ سەيلىسىدەك.

## ۋىسال تۇنى

كەچ ... ئۇپۇقتا تاۋلىنىدۇ شەلپەر شايى،
نۇرلۇق قۇياش چېھرى تەڭسىز ساھىبجامال.

www.uyghurkitap.com

قان تەپچىدى زىنىقىدىن ئۇز ئالەمىنىڭ،
گۇل جانانلار لەۋلىرىدە چاقنار شۇ ھال.

قارا سۇمبۇل گۇلئۇزارنى يوشۇرغاندەك،
تەسكەي ياققا ئۆتۇپ قۇياش ياپتى چىراي.
جىلۋە بىلەن زۇمرەت كۆكتە بولدى پەيدا،
«قۇياش، بىردەم توختاپ تۇرۇڭ» دىگەندەك ئاي.

لىكىن، قۇياش كىتىپ، ئاي قىز قالدى تەنها،
ئاي سارايدىن چىقتى لەكمىڭ - لەكمىڭ پەرى.
نۇرلۇق يۇلتۇز بولدى چىھرى ھەربىرىنىڭ،
ئاپئاق - سۇتتەك يورۇق تۆكتى ئالەمسىرى.

جۇپ - جۇپ قۇشلار تارقاشتى ئۇز ئۇۋىسىغا،
ۋىچىرلاشتىن قالدى تۇيغان بالا جانلار.
تامشىپ - تامشىپ بوۋاق چۆمدى ئۇيقۇسىغا،
ۋىسال تۇنى پەيزىن سۇرەر يار - جانانلار.

ئاشىقلارغا بەردى پىنھان كۆكۆللۇك تۇن،
سۆيگۇ تولغان ياش يۇرەكلەر بولدى جەلپ.
تاھىر گۇلزار ئارا ئىزلەر زۆھراسىنى،
ئىنتىزارلىق ئاتىشىدە مەجنۇن قەلب.

قاياقتىدۇر يىگىت سازغا سۇرەر كامان،
ئىيتار سۆيگۇ ئىزھارىنى بۇ شوخ ناۋا.
تارنىڭ ئوتلۇق مۇڭلىرىدىن بولۇپ مەستخۇش،
ۋىسال جامى سۇنار ئاڭا ئۇز دىلرەبا.

لاله ـ چوغلۇق كۈمۈش نۇردىن ئارتتى رومال،
ئەمدى بۇلبۇل دىلىن زۇلمەت ئېتەلمەس چاك.
يارىن قوغلاپ كۆلەر يىگىت گۈلشەن ئارا،
بەزەن، بەزەن جۈپ لەۋلەردىن ياڭرار چاۋاك.

يىگىت يانداپ ئۆتەر ناخشا يا نەي بىلەن،
ئەگىشىپ ـ ئەگىشىپ يارىنىڭ يورۇق پەنجىرىنى.
ناۋا سىڭىپ كىرگەن يۈرەك سىماب بولۇپ،
جانان باقار خۇشال قايرىپ ئاق پەردىنى.

شامال ئىللىق سۆيۈپ ئۆتكەن گۈل بەرگىدەك،
پىچىرلايدۇ قولۇم تۇتقان ئەزىز نىگار.
گۈل بىلەن گۈل ئاستا كېلىپ پۇراشقاندا،
ئاق ئالمىدەك چېھرى ئۇنىڭ بولدى ئانار.

## جىنازا

داد ـ پەرياد ئىلكىدە ئۆتتۇق رەستىدىن،
يەلكىمىز ئۈستىدە سۇرلۇك جىنازا.
ئاھ، ئۇنىڭ ئىچىدە خىزىردەك ئادەم،
كۆڭۈللۈك سىردىشىم ئىدى ئۇ تازا.

«يۈز ياشقا يېقىنلاپ قالدىمغۇ» دەيتتى،
قاردەك ئاق چاچ ـ ساقال بۇ گەپكە گۇۋاھ.
ئەسىرلىك ھەمراھنى ئۇزاتتى ئالەم،
بۇ دۇنيا ئەسلىدىن شۇنداق بىۋاپا.

جېنىدىن ئەزىزلەپ باققان بالىلىرى
ئۇرغاچقا قەلبىگە خورلۇق پەنجىنى.

ئۇن ـ تىنسىز يىغلايتتى بىچارە بوۋاي،
يۇشۇرۇپ ئالەمدىن پۈتمەس رەنجىنى.

كېلىمەن ماتەمدە، يەلكەمدە تاۋۇت،
مۇشۇنداق كېتىمىز، مۇشۇنداق ئالەم.
باللىرى «پەس» كۆرگەن ئاشۇ بوۋاينى
جىنازا باش ئۆزرە چىقاردى بۇ دەم.

يىغانلار سالىدۇ باللىرى بۇگۈن،
قاتمۇقات باغلانغان بەللىرىگە ئاق.
قايغۇدىن يىغلامدۇ؟ ھاياجاندىنمۇ؟
مەن ئۇچۇن دەر گۇمان شۇنىسى بىراق.

قەدىردان ئاتىنىڭ قەدرىن بىلمىگەچ،
ھەسرەتلەر باغرىغا تۆكتىمۇ قوقاس؟
يا ئۇنى شادلىقتىن ياش تۆككۈزدىمۇ،
بوۋايدىن قالغان ئۆي، پۇل، مالۇ مىراس.

ئاھ، دادۇ پەرياد سالار باللىرى،
بېشىدا ئاتىسى ياتقان جىنازا.
تاۋۇتنى تالىشىپ سۇندۇرمىغىيدى؟!
مىراسخور جانابلار كۆتۈرۈپ نىزا.

## تاڭنى كۈتۈپ

كۆك گۇمبىزى قارا قازان دۇملىگەندەك،
تۈن جامالى گويا قۇندۇز ـ قويۇق سىياھ.
مەن تۇرىمەن كۆككە قاراپ، تاڭنى كۈتۈپ،
شىرىن ئۇيقۇ ئىچرە ياتار بۇ كەڭ دۇنيا.

ئاندا ـ ساندا جىمىرلايدۇ يۇلتۇز، لېكىن
قېلىن پەردە تارتقان ئاڭا قارا تۇمان.
قىرغاق سۆيۈپ ئاققان ئويغاق ئۇلۇغ دەريا،
گۇركىرەيدۇ قوزغاپ دىلدا زوق ـ ھاياجان.

قاياقتىندۇر خوراز چىللاپ ئۇزاق ـ ئۇزاق،
تاڭ ۋەسلىدىن بېرەر دېرەك، كۇلەر يۇرەك.
ئەنە چولپان تۇمان يېرىپ كۇلدى بالقىپ،
قارا شالنى قايرىپ جانان كۇلگىنىدەك.

مۇنچاق ئاسار دەريا سۆيگەن شامال گۇلگە،
شىۋىرلايدۇ نېمىنىدۇر ياش يوپۇرماق.
شەبنەم يۇيۇپ ئۆتتى باغنى پاكلاپ داغدىن،
ئۇۋىسىدىن چىقتى تورغاي توقۇپ قوشاق.

كۆك ئاقاردى... ئەنە بوغدا تۇمان ئارا،
ئورالغاندۇر يۇكسەك بېشى ئاق شايغا.
مەغرۇر قەددى كۆكنى تىرەپ تۇرار مەزمۇت،
ئوخشار قارلىق چوققىلىرى قاشتېشىغا.

گۇل شېخىغا قونۇپ بىر ئۇز بۇلبۇل گويا،
باشلىۋەتتى تاڭنى قۇتلاپ شېرىن ناۋا.
سەپ ـ سەپ قاقىر كۆك قەرىدە پەرۋاز قىلار،
ئاڭا بەخت سەھنىسىدۇر چەكسىز ساما.

خىيالىمدا شامال بولۇپ ئۇچتۇم مانا،
كۇننى تاپتىم تاغ ئۇستىدە، كەل مەرھابا!
تۇنلەر ئارا نۇر ھىجرىدە كۆيگەن دىلىم،
تاڭنىڭ ئالتۇن شولىسىدىن تاپتى داۋا!

مەن كۆتمەن ھەربىر تاڭنى ئەنە شۇنداق،
تەسەددۇقلاپ ئاڭا دىلدىن خۇش ئاھاڭنى.
ئۈمىد يانار يۈرىكىمدە، كۆتمەكتىمەن
ئىنتىزارلىق بىلەن تاڭدىن گۈزەل تاڭنى.

## ئاھ، ئانا يۇرت

خانتەڭرى پەلەككە تىرەلگەن چوققا،
بۈيۈكتۇر خەلقىمنىڭ ئىپتىخارىدەك.
تۇرىمەن ئۈستىدە قەد كېرىپ مەغرۇر،
شادلىقتىن يېرىلاي دەپ قالدى يۈرەك.

بۇلۇتلار ئۈزۈشەر مىڭ گەز تېگىمدە،
بېشىمغا كۆك يېقىن، قۇياش يانمۇيان.
لاچىنلار قاناتى يەلپۈيدۇ مېنى،
قارايمەن، بۇ دۇنيا شۇنداق بىپايان.

ھېسلىرىم مىڭ دەريا جەملەنمىسىدەك،
ئانا يۇرت ھۆسنىدە ھۆرمەت نىگاھىم.
كەڭ دۇنيا رەڭدار بىر گۈلىستان دېسەم،
گۈلزارلار شاھىدۇر بۇ قىبلەگاھىم.

يورۇغاش بويىدىن ئېرتىشقا قەدەر،
جەننەت تاڭ قالغۇدەك گۈزەل گۈلىستان.
ئەجدادلار شۇ كەڭرى ۋادىلار ئۈزرە
شايى تون، خان ئەتلەس، گىلەملەر ياپقان.

يۇرۇڭقاش قاشتېشى چايقاپ ئاقىدۇ،
شېرىنىنىڭ قولىدا گۆھەر بىلەزۈك.

بوستانلار قوينىدا ياڭرايدۇ تۇمەن،
ئىلىنىڭ دولقۇنى قەلبىمدەك سۆزۈك.

زەرەپشان ئەۋجىدە ئامانىنا كۈيى،
دولقۇنلار خانىشىنىڭ قەبرىسىمىكىن؟
ئۆگەننىڭ بويىدا ياڭرايدۇ ناۋا،
بۇ ناۋا سۇجۇپنىڭ نەغمىسىمىكىن؟

مەۋج ئۇرۇپ ئاقماقتا تارىم دولقۇنى،
مۇتەللەپ كۈينى كۆككە ياڭرىتىپ.
ئۇرۇلار قىرغاققا مۇزات ئۆركىشى،
نىمشېھىد روھىنى كۈيگە قېتىپ.

قىزىلنىڭ دولقۇنى ھۆرلۈك يولىدا،
جەڭگاھتا قان تۆككەن مەردلەر قېنىمۇ؟!
قولىدا شاھ ئەسەر مەھمۇت ۋە يۈسۈپ،
چىمەنزار قىرغاقنى بويلاپ كېلىدۇ.

غەزەلخان نۆبىتى چىللايدۇ مۇقام،
ئىلچىنىڭ گۈلباغ ھەم گۈجەنبىغىدا.
تىغ تۇتۇپ، كۈي قېتىپ كېلىدۇ سادىر،
ئىلىنىڭ ئالمىزار بوستانلىقىدا.

ساقىيا، ئۈزاتقىن قاشتېشى جامدا،
ئۈزۈمزار تۇرپاننىڭ مەي ـ شەربىتىدىن.
ئوشتۇلسۇن خالىققا تۇتۇلغان قارا،
قۇتۇلاي بىر يولى دىل ھەسرىتىدىن.

ئاھ، ئەنە قۇمۇلنىڭ بوستانلىقلىرى،
نىمە دەپ سۆز قاتاي گۈزەللىكىگە.
قۇش بولۇپ ھۆسنىگە قونسامدىم شۇتاپ…
بىھىشنىڭ پەيزىمۇ يەتمەس پەيزىگە.

تۇرىمەن خانتەڭرى ئۈستىدە مەغرۇر،
ئانجان يۇرتۇمغا تىكىلگەن پېتىم.
ئەرزىيدۇ ھەربىر تال ياپرىقى ئۈچۈن
جېنىمنى تەسەددۇق قىلسام مىڭ قېتىم.

مەن لاچىن بولسام ـ ھە! قاناتىم بىلەن،
ھەربىر تال گىياھنى ئۆتسەمدىم تاراپ.
دەريالار قوينىدا ئۈزسەم بېلىقتەك،
جان بەرسەم تاغلارنى مەھكەم قۇچاقلاپ.

## بەخت

ھاياتلىق يولىدا ئۈزۈلمەس سەپەر،
بەخت ئۇ — ئىنسانلار ئىزلىگەن گۆھەر.
كىم بەخت شامىغا پەرۋانە ئەمەس،
تۇندىمۇ ئىزلەپ كىم كۆتۈرمەس پەنەر؟!

ئىنسان مەن، بەختكە ئامراق، ئۆچ ئەمەس،
تەشنامەن، شەيدامەن، تەلمۈرەر يۈرەك.
لېكىن، مەن بەختكە دىۋانە ئەمەس،
قەلبىمدە ئۆزگىچە بىر ئالىي تىلەك.

بەزىلەر دەر: «بەخت غەمسىز يەپ، ئىچىش»
«بەختنىڭ ئانىسى پۇل، مالۇدۇنيا.»

ياق! بەخت ئۆلچەنمەس دۇنيا بىلەنلا،
ئۆلچەر ئار، ساداقەت، ۋىجدان، چىن ۋاپا.

بەخت ئۇ ھاياتنىڭ نۇرلۇق مەشئىلى،
ئۇ قەلب قەسرىنى ئېتەر نۇرستان.
چىن بەخت ھېسسىدىن ئايرىلغان يۈرەك،
ئاھ، ئۇ بىر خارابە، زۇلمەت گۆرستان.

«بەخت!» ئېھ، سېھىرلىك كۈيمىكىن بۇ سۆز،
ياق! دىللار تارىدىن ياڭرىغان مۇقام.
ئۇ چىللار پاكلىقتا ئىنسان روھىنى،
خۇنۇكلۈك بەختتىن مەھرۇمدۇر تامام.

قۇياش ئۇ گۈزەللىك كۆكىدە يانغان،
يورۇتار قەلبىمنى ئۇنىڭ جىلۋىسى.
ئۇ ئەمەس ئىجابەت كۈتكەن ئىبادەت،
جەڭگاھلار ئەۋجىدە بەخت قىبلىسى.

بەختنىڭ ئانىسى ئانا يەر بەختى،
قۇرىماس چېكەمدىن مېھنەت قەترىسى.
ھالال تەر زېمىندىن ئۇندۇرىدۇ زەر،
بەرق ئۇرار شۇ چاغ چىن بەخت ئەترىسى.

ئىنسانمەن، بەختنى ياراتقۇچى مەن،
سەجدىگە ئېگىلمەس بۇ ئەزىز بېشىم.
چۆللەردە دەرۋىشتەك يۈرمەيمەن يىغلاپ،
ئۆزگىگە تەلمۈرۈپ تۆكۈلمەس يېشىم.

«ئۇھ» تارتىپ كېتىمەن ئۆتمۈشكە قاراپ،
ئاھ، ئەجەب كەتتىڭغۇ تالاي قېرىنداش.
تەسبىينى سىيرىشىپ ئولتۇرمىدىمۇ،
قىلىچ يەپ، ساڭگىلاپ قالغاندىمۇ باش.

ئۇلارمۇ بەختنى كۈتكەن زارىقىپ،
غايىبتىن كەلمەسنى بىلمىگەن بىراق.
بەس، توختا! بۇ سەپەر بەختكە بارماس،
ئىبرەتلەر بىز ئۈچۈن رەھنەما چىراغ.

بەختنى ئالىمەن ھالال ئەجرىمدىن،
ئۇ ھارام تۆرەلگەن تاپاۋەت ئەمەس.
ئۇ مەككار سودىنىڭ پايدىسىغا يات،
مەن ھارام بەھرىدىن ھەرقاچان پەخەس.

بەزىلەر دەر: «كۆلكە بەختنىڭ كۆيى.»
بەختىمدۇر ئەل بەختى ئۈچۈن يىغلىماق.
ئەل ئۈچۈن ئۆلۈممۇ بەختىم! ئۈمىد شۇ:
قەبرەمدىن گۈل ئۈنۈپ چاچسىلا پۇراق.

كۆلكىنى بەختنىڭ كۆيى دەي نېچۈن،
ئۇ مىسكىن ئاھىغا بولغاندا تەڭكەش.
بەختىم شۇ: كۆلگەندە بىللە تەڭ كۆلۈپ،
ئۇھ تارتسا، ئاھ ئۇرۇپ باغرىمنى نەملەش.

## مۇشەققەت

«مۇشەققەت» ئېيتماقمۇ مۇشەققەت بىر سۆز،
لېكىن، ئۇ ھاياتنىڭ يالقۇنلۇق پىچى.

شۇ يالقۇن قوينىغا چۈشمىگەن ۋۇجۇد
بەئەينى قومۇشتۇر، كاۋاكتۇر ئىچى.

ھاياتنىڭ يوللىرى شۇنداق ئىگىز - پەس،
ھەر داۋان ئۆتكىلى بىر چوڭ مۇشەققەت.
تىرىكسەن، مەنزىلگە ئىنتىلەر يۈرەك،
ھەر كۈنلۈك سەپەردە مۈشكۈل تۇمەن رەت.

ئۇلىشار مىڭ دىشۋار ئىچرە سۇبھى - شام،
ھەر دىشۋار كەينىدە بىر شانۇ نۇسرەت.
ھەر سەھەر - شام ئارا مىڭ شادلىق، مىڭ دەرد،
بۇ ھايات بابىدا بىر قۇر خەت پەقەت.

مۇشەققەت ئوتىدا تاۋلىنار روھمۇ،
جىڭ ئالتۇن يالقۇندىن چىقالايدۇ ساق.
پارىنىكتا ئىچىلغان چېچەككە باقما،
قارلىق تاغ ئۆزرە قار لەيلىسىگە باق!

مۇشەققەت مەزگىلى ئالتۇن تارازا،
ئۇ ئۆلچەر ساداقەت، سۆيگۈ ۋىجداننى.
ئۇ گويا بىباھا خىسلەتلىك غەلۋىر،
ئايرىيدۇ چار - سامان، توپاننى، داننى.

ھەر زەربە مەرد ئەرگە بىر مەرتەم تەلىم،
ھەر مۈشكۈل ئويغىتار بىر مەردانە روھ.
جىڭ ئەركەك مۈشكۈلگە كەلمەيدۇ تەسلىم،
بىر تىلەك تۇغۇلار ھەر چەككەندە «ئۇھ!».

بورادا تاۋلانغاچ لاچىن قاناتى،
بۇلۇتلار ئۈستىدە ئەيلەيدۇ پەرۋاز.
گرانىت تاش ئىچرە بىخلانغاچ قارىغاي،
يوپۇرماق ئالالماس ئۇنىڭدىن ئاياز.

قەترە نەم يوقلىماس چۆللەردە يۇلغۇن،
قۇيۇنلار قۇترىغان دەشتتە بۇك توغراق.
يۇلغۇن قاي ياغاچنى تېشىپ ئۆتەلمەس،
قاي دەرەخ توغراقتەك ياشايدۇ ئۇزاق.

ھەر تۈننىڭ كەينىدە بىر سۇبھى، بىر تاڭ،
شىۋىرغان ئۇچقۇنى باھاردىن دېرەك.
چۆلدە قۇم باغرىدىن سۇ چىققىنىدەك،
مۇشەققەت كۆكسىدىن بولدۇقلار تىلەك.

ھەر توسقۇن بېغىشلار بىر ئەقلىي قاموس،
سۆزەر زەر دەھشەتلىك قايىنامدىن غەۋۋاس.
ھە! مۇشكۇل تېغىدىن ئاچماي يول - تونىل،
كۆرەشچان روھىمدىن تاپماسمەن خالاس!

## گۆرىستاندا ئويلىغانلىرىم

تۈن جىمجىت، ئاي مۆككەن، ئالەم ئۇيقۇدا،
ئالدىمدا چوقچايغان غېرىب قەبرىلەر.
ئەرۋاھتەك تۈرىمەن گۆرىستان ئارا،
قەلبىمدە نامايان تالاي دەۋرلەر.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ھەر قەبرە بىر دەۋر خاتىرىسىدۇر،
گۆرىستان ئۇزاق بىر تارىخىي داستان.
ھەربابى مىڭ قىسمەت، تۈمەن مىڭ تەقدىر،
دەرد، سۆيگۈ، سائادەت، ۋىسال ۋە ھىجران.

ھەر گۈمبەز تېگىدە ھەر ئىپسىل ئەجداد،
شىر يۈرەك مەردانە ساھىبقىرانلار.
قۇياشتەك مېھرىلىك ئەزىز ئانىلار،
لاتاپەت جىلۋىسى ئايدەك جانانلار.

شۇ گۈمبەز تېگىدە ئالەمدەك ئارمان،
قىيانلىق دەريادەك تاشقان قەھرىلەر.
ئىپار ھىد پۇركۈگەن سابادەك سۆيگۈ،
پەرزەنت، دەپ يۈرەكنى تىلغان جەبىرلەر.

بەخت! دەپ ئوقچۇغان كۆز چەشمىلىرى،
جاراڭشىپ ئۇرۇلغان خەنجەر ۋە ئۇمۇت.
كۆكرەكتىن سۇغۇرۇپ ئېلىنغان يۈرەك...
شۇ گۈمبەز تېگىدە يېمەكتە قۇرت.

قۇياشنى بىزلەرگە قالدۇردى ئۇلار،
ھاياتى ۋەجىگە ياراتتى بەخت.
يورۇقلۇق! دەپ ئۆچتى نۇرلۇق نىگاھلار،
سۆڭەكتىن پۈتكەندۇر بۇ مەر — مەر تەخت.

ئۆرۈلگەن گۈمبەزلەر ئېزەر دىلىمنى،
چېچىلغان ئەتراپقا ئاقار سۆڭەك.
نى قەسىر تۇرغۇزغان مەرد قەبرىسىگە
مۇيەسسەر بولماپتۇ بىر زەمبىل كېسەك.

بۇ سۆگەك يا سىنىك بوۋاق، يا سىنىق،
ئىشقىلىپ بىزلەردىن ئاۋۋالقى ئىنسان،
بىز شۇلار زاتىدىن تامغان، يارالغان،
قايدا بار مەنبەسىز دەريائى راۋان؟

ئەتىنى ئويلىسام قالمايدۇ سەۋرىم،
كۆپ ئۆتمەي گۆرىستان ماكان بىزگىمۇ.
تەسەۋۋۇر كۆزىدە كۆرۈنەر ئەنە،
چىچىلغان ئاقارغان سۆڭىكىمىزمۇ.

قاي يۈرەك چىدايدۇ بۇ پاجىئەگە،
هېچ كۆڭۈل بۆلمەيمىز نېچۈن ئەمىسە؟
شائىرنىڭ قەلبىگە قان چەكتى سۈكۈت،
بولمىدى شۇ گەپنى ئېنىق دېمىسە:

ياپايلى گۆرىستان ئۆزرە گۈلىستان،
چىراغلار ئەيلىسۇن باغرىدا جىلۋە.
گۈمبەزلەر قاتۇرۇپ بېتون تاش بىلەن،
يازايلى ئۈستىگە چىرايلىق لەۋھە.

تىلىكىم سىلەردىن زاماندا شلىرىم،
بۇ ئادەت بوپ قالسۇن مىللەتكە يوسۇن.
كىم مەرد، كىم ۋاپادار، كىملەر مۇناپىق،
ئەتىكى ئەۋلادلار روشەنرەك بىلسۇن.

## چىراغ ئالدىدىكى ئوي

چىراغ ئۇ — تۈنلەرنىڭ ئۇزاق شاهىدى،
شەبىستان قوينىنى ئېتەر نۇرىستان.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋايىم يەر بەھرىدىن زۇلمەت ئىلاھى،
نۇر مەھرۇم جاھاندا جان بولامدۇ جان؟

تۇن ئارا مەن چىراغ ئالدىدا بۇ دەم،
نۇر باغلار قەلبىمدە تاڭغا ئېتىقاد.
مەن تۇندە كۇتىمەن قۇياشنى دىلجەم،
غايىلەر پەرۋان بوپ چىقاردى قانات.

پەرۋانلار يالقۇنغا شۇڭغۇيدۇ تىنماي،
بۇ قانداق مۇشتاقلىق، قانداق مۇھەببەت.
قۇچاقلاپ زەررە نۇر ۋەسلىنى ھايھاي،
كۆز يۇمۇش ئۇلارغا ئەڭ ئالىي نۇسرەت.

يېگانە كەپەمدە چىراغ نۇرلىنار،
ئەتراپى پۇتۇنلەي پەرۋان جەسىتى.
گۆرىستان قوينىدا يالقۇنلۇق مۇنار،
پەرۋانلار كۆمۈلگەن نۇرغا ئەبەدىي!

ئاھ، قەلبىم ئايلاندى جاھاننەمىغا،
مىڭ خىيال، مىڭ كەچمىش ئۆتتى رەتمۇرەت.
مىڭ دەريا سۇيىدەك سۆز بار دىلىمدا،
كۇپايە شۇنىلا دېسەملا پەقەت.

زۇلمەتنى سۆيگەنمۇ زۇلمەتتە ھالاك،
ھاياتنىڭ يولىدا تۇمەنلىگەن ھاڭ.
شەپەرەڭ مىسالى ئۇ روھىي ناپاك،
ئۆلسىمۇ ھەققىدە بولماس خوپ پاراڭ.

پەرۋانچۇ؟ نۇر! دەيدۇ، نۇر دەپ ئۆلىدۇ،
نۇرلانغان چىراغدۇر قەبرىستانلىقى.
قەبرىستان دېيىشكە تىلىم كۆيىدۇ،
ئۇ — مەردلىك، گۈزەللىك گۈلىستانلىقى!

چىراغ ئۇ — يالقۇندىن تىكلەنگەن مۇنار،
ئەتراپى نۇر بىلەن كۆمۈلگەن پەرۋان.
ھەر ئىنسان تاپسا گەر ئاشۇنداق مازار،
ئېھ، قانداق بەخت — ھە!
قالامدۇ ئارمان؟!

## قار

ھەر تاڭ قايرىپ پەنجىرىدىن پەردىنى،
تىكىلىمەن قانماي ئۇزاق دالامغا.
مىڭ ئىپتىخار ھېسسى قۇچار قەلبىمنى،
ھەربىر باقسام ئانا يېرىم - ئانامغا!

قاراڭ، زېمىن كۆمۈلۈپتۇ قار بىلەن،
قار ئۈستىدە ئۇچار ۋىز - ۋىز سوغ شامال.
قىز مومايغا ئايلىنىدۇ ھايالسىز،
قۇندۇز چاچقا قونغاچ ئاق قار بىمالال.

قارغا قاراپ يېتىپ قالدىم خىيالغا،
(خىيال باستى قار باسقان يەر - زېمىندەك).
تىرىقلايدۇ تۆكۈلمىگەن ياپراقلار،
تىترەپ مېنىڭ تىترەۋاتقان تېنىمدەك.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

دەل - دەرەختە ئېچىلىپتۇ ئاق چېچەك،
ئۇچۇپ يۈرەر لەكمىڭ - لەكمىڭ كېپىنەك.
مەن يۈكسەكتىن نەزەر سالسام كۆرۈندى،
يېپىنغاندەك زېمىن ئاق گۈلچەمبىرەك.

كەڭلىكلەردە گويا توپ - توپ ئاق پادا،
نەي ئاۋازى كېلەر قىشلىق قوتاندىن.
بىر قارىسام ئالەم چەكسىز پاختىزار،
يوق بىرەرى شوخ پاختىكار جۇۋاندىن.

ئوشتۇپ ئاپئاق چېچەك كۈلگەن نوتىنى،
پۈراپ كۆردۈم، پۈرىمىدى، پۈراقسىز.
كېپىنەكنى قوللىرىمغا قوندۇرسام،
غايىب بولدى،
قانداق نېمە تۇراقسىز؟!

ئۈركىتەي دەپ گۈل بەرگىگە قونغاننى،
شاخقا تەپسەم گۈل بىلەن تەڭ تۆكۈلدى.
گۈل - ياپراقسىز تۇرار ئەنە ياش ئالما،
ئىسسىت، تەنتەك خىياللىرىم پۈكۈلدى.

بىرى كۈلدى بۇرۇلدۇم، بىر موماي، ياق!
يارىم ئوخشاپ قاپتۇ ئاقۋاش مومايغا.
چاچلىرىنى قېقىپ، باقسام كۆزىگە،
كۆزۈم چۈشتى ئاقساقال بىر بوۋايغا.

※ ※

پەنجىرىدىن قايرىپ زەڭگەر پەردىنى،
يەنە ئۇزاق قاراپ قالدىم دالامغا.

بىر توپ بالا يۇرەر قوغلاپ كېپىنەك،
چېچەكزاردا كۆزۈم چۈشتى بالامغا.

بىر دەستە گۈل سۇندى ئوغلۇم رەڭمۇرەڭ،
پۇراپ كەتتىم، ئاھ، ئەجەب خۇش پۇراقلىق.
ئالىقىنىمنى ئاچسام ئاپئاق كېپىنەك،
ئۇچۇپ كەتتى قانات سىلكىپ چىرايلىق.

## دېڭىزغا خىتاب

ساھىلدا تۇرىمەن، چايقىلار دېڭىز،
دولقۇنلار تولغىنار ئەجدىھا كەبى.
ئالەمنى «ھاپ» قىلىپ يۇتاي دېگەندەك،
ئۇرىلار قىرغاققا شۇنداق ئەسەبىي.

دېدىم: بەس! كۆز يەتمەس چەكسىزلىكىڭدىن،
دېڭىزلار كۆرەڭلەپ كۆتۈرمە شاۋقۇن.
زېمىن كەڭ، زەررە سەن، غەرق ئەتمىكىڭ تەس،
مىڭ يىللاپ كۈندە مىڭ ئاتساڭمۇ ئۇيقۇن.

ۋاراقلا تارىخنى، ئېھتىمال تاقىر
گىياھسىز چوقچايغان تاغ سەن بىر زامان.
جەبرىڭدىن جاق تويغان زېمىن قەھرىدىن،
ماگمىلار تاشقىنجاپ بولغانسەن ئويمان.

مىليون يىل قاغجىراپ ياتقانسەن بەلكى،
گىدەيگەن ۋۇجۇدۇڭ چۈشۈپ تۈمەن گەز.
ئالغاندۇ تەختىڭنى خارابەزارلىق،
ئۆزۈڭنى ئۆلگەندەك قىلغانسەن پەرەز.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تەبىئەت سېخىيدۇر، زېمىن كەرەملىك،
ئىستىغپار، زارلىنىش بولغاندۇ مەقبۇل.
ھاياتلىق ئىلاھى ساخاۋىتىدىن،
دەريالار ئالغاندۇ باغرىڭ تامان يول.

مىڭ يىللاپ توختىماي ئاققان سۇلاردىن
بولغانسەن دولقۇنلۇق چەكسىز بىر دېڭىز.
كىم سېنى خارلىقتىن قىلغانتى ئەزىز؟
ئويلىغىن!
ئېسىڭدىن چىقارما ھەرگىز!

ئۆزۈڭنى بېسىۋال،
پەسرەك ھۆركىرە،
ئۇيقۇنلاپ زېمىنگە ئۇرمىغىن كاچات.
يەر - ئانا! ئۆزۈڭمۇ شۇنىڭ باغرىدا،
ۋاپاسىز ئىقبالى ئاقىۋەت بەربات.

باققىنە، نى چەكسىز قۇملۇقلار ئەنە،
بىلەمسەن، ئۇ ئەسلى سېنىڭدەك دېڭىز.
ئەبەدلىك شەيئى يوق كۆلئى جاھاندا،
ئۇ ئەزەل زاماندىن قالغان ياخشى ئىز.

## سەھەر سالىمى

ئەسسالام كائىنات، ئەسسالام ئالەم،
ئەسسالام ئەجدادىم قېنى سىڭگەن يەر.
ئەسسالام قان رەڭداش قىزارغان ئۇپۇق،
ئەسسالام يېڭى كۈن، ئەسسالام سەھەر!

ئەسسالام، چىن قۇتلۇق سىزگە بار ھاياتى،
ئەسسالام جىسمىمغا جان بەرگەن ئانام.
ئەسسالام بورانغا سوقتۇرماي مېنى،
ئۆمرۈمگە سائادەت بەخش ئەتكەن ئاتام.
ئەسسالام تۇغۇلغان مەھەللەم، مەكتىپىم،
دىلىمغا نۇر سەپكەن ئۇستاز - مېھرىبان.
ئەسسالام بەختىمدىن كۈلگەن يارانلار،
ئەسسالام قەلبىمنى ياشارتقان جانان.
ئەسسالام بىر تۇغقان - قېرىنداشلىرىم،
ئەسسالام ئاق كۆڭۈل بار قولۇم - قوشنام.
ئەسسالام ھاياتقا گۈل چەككەن مەردلەر،
ئەسسالام قىلىقى ئۈز ئوماق بالام.
قاراڭلار، ئاقىرىپ كەلمەكتە ئۇپۇق،
كائىنات يۈزىدە تويدۇر، توي بۇ دەم.
ھاياتلىق چېھرىدە چېچەك جىلۋىسى،
يېپيېڭى قۇرلارغا كۆچتى زەر قەلەم.
مەن بۈگۈن تاڭدىنمۇ بۇرۇنراق تۇرۇپ،
قۇياشنى چىللىدىم: كېلىڭ، مەرھابا!
كۆپ ئۆتمەي تاغلارغا ئالتۇن تون يېپىپ،
كۈن كۈلدى، شولىغا پۈركەندى دۇنيا.
ۋىچىرلاپ ئويغاندى ئۇيقۇدىن قۇشلار،
خورازلار قونداقتىن چۈشكىلى نىكەم.
كۆيلەردىن چىرايلىق گۈلدەستە تۈزۈپ،
ئۈزاتتى ئەرشتىن شېئىرنى پەرىشتەم.
ناخشامنى توۋلىدىم ياڭرىتىپ شۇنداق،
ئۆي - ئۆيگە، ھەر ياققا تارقاتتى سابا.
سىلەرنى ئويغاتتىم شېرىن ئۇيقۇدىن،
تۇرۇڭلار! يېپيېڭى كۈن پارلىماقتا!

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## پەخرىم

«مەغرۇر» دەپتۇ مېنى بەزىلەر،
ھەيھات! پەخرىم مېنىڭ ئاشۇ نام.
رازىمەنكى، ئۆزۈمدىن مەڭگۈ،
يىگىت - ئەردەك مەغرۇر ياشىسام.

شۈكرىلىللا، شادمەن بۇ نامدىن،
ئەمەسمەنكەن «ئۇنداق - مۇنداقچى».
ئۆلۈم ئىدى، ئۆلۈم! ئاتالسام:
يا تەخسىچى ۋە يا يالاقچى.

## چالما بىلەن خازان

بىر قەدىم قەلئەنىڭ خارابىسىدە،
ياتاتتى خىيالچان سېپىل چالمىسى.
ئۇ چۈشكەن يېرىنى تۇتقان چىڭ ماكان،
شۇ يەردە تۇغقان - دە، چۈنكى ئانىسى!

ئۇ شاھىد ئەسىرلەر كەچمىشلىرىگە،
مىڭ قىسمەت بوپ ئۆتتى مۇشۇ قەلئەدە.
ئۇ، ئېگىز سېپىلنىڭ ئۇستىدە ئىدى،
ھاياتلىق ناۋاسى كۈلگەندە ئەلدە.

قايدىندۇر ئۇچقان جۈت شامال ئۇچۇرۇپ،
چالمىنىڭ قېشىغا چۈشتى بىر غازاڭ.
ئۇ تاپتى چالمىنىڭ قېشىدىن پاناھ،
ۋە ئاستا شىۋىرلاپ باشلىدى پاراڭ:

www.uyghurkitap.com

— ئەسسالام چالمىجان، خىيالچان ئاداش،
— سەن كىم سەن؟
— غازاڭ مەن، نېچۈك هال؟
— ئەلهال!
— تۇغۇلغان چېغىمدا بار ئىدىڭ...؟
— بار مەن!
شېخىدىن ئاجرىغان غەيرىي ئىستىقبال.

— ياز پەسلى شوخ قۇشلار ئىدى سازەندەم،
مېۋىلەر مەهبۇبەم ئىدى پاك ۋىسال.
كۆز كەلدى، جۇت ئۇردى، كۆپەيدى دەردىم،
مەن ئۇچتۇم، قالغانغا دېدىم: قالساڭ قال!

چالمىجان، ئىككىمىز بولايلى ياران،
مەڭگۈگە بولايلى سادىق پاسىبان.
بىر ئۆمۈر يامغۇردا يىپىنجاڭ بولاي،
سەن مېنى تۇتۇۋال چىققاندا بوران.

ۋەدىلەر ۋەجىدىن چالما بەردى دىل،
ساقلىدى غازاڭنى ھەربىر بوراندىن.
بىر كۈنى تۆكۈلدى يامغۇر،
ئاقتى سەل،
غازاڭنى كۆرمىدى ھېچ كۆز جاھاندىن.

يامغۇرمۇ توختىدى، سىپىل چالمىسى
تۇراتتى ئاۋۋالقى پېتىچە ساپ - ساق.
قەيەردە يۈرگەندۇ سەرگەردان غازاڭ؟
— ئىهتىمال تەكتىگە يۇتقاندۇ پاتقاق!

## تۇۋا، تۇۋا!

مەن ئەسلا كۈتمىگەن، سەنمۇ بەلكى ھەم،
تاسادىپ دوقمۇشتا قالدۇق ئۇچرىشىپ.
مەن كۆلۈپ تۇرىمەن ئالدىڭدا مەغرۇر،
ھال چۈشكەن ياپراقتەك قالدىڭ سولىشىپ.

ئېسىمدە، سىنىڭمۇ يادىڭدا چوقۇم،
مەن يىغان چەككەندە كۈلگىنىڭ خەندان.
قولۇمنى چىشلىدىڭ، تويمىغانمىدىڭ؟
دېسەڭچۇ، بار ئىدى مەندە خېلى نان.

قىسمەتنى ئالدىدىن مۆلچەرلەپ بولماس،
پەسلدەك ئۆزگىرىپ تۇراركەن پەلەك.
گاھ بۇيۇك تاغلارنى ئاتسا چۆكۈرۈپ،
گاھ قاقاس چۆللەرگە يا پاركەن چېچەك.

تۈنۈگۈن كۈلكەڭگە مەن بەدەل بەرگەن،
سەن ئاھىم ئۈستىدە كۈلگەنتىڭ راسا.
ئەجەب كىم، مەن بۈگۈن خۇشال، سەن ئوسال،
تەقدىرمۇ ئالمىشىپ تۇراركەن، تۇۋا!

## ئېتىقاد

مەن زاھىد ئەمەسمەن ۋە ياكى دەھرى،
ئەمەسمەن سەجدىگەر ياۋاش دۇئاگوي.
پەلەكتىن تاماسىز، ئەجرىمدىن بەختىم،
ئىلتىجا نەپئىدىن يوق مەندە ھېچ كوي.

مەن ئىنسان، قەلبىمدە ئادىمى غۇرۇر،
كىشىلىك ھەققىمگە چەكسىز ئىتىقاد.
ھەر كىمنىڭ ئەركىگە ئالىي ئېھتىرام،
ۋە لېكىن «لەببەي» لىك ماڭا شۇنچە يات.

خۇشامەت تەخسىسى كۆتۈرمىدىم ھېچ،
سەجدىكەش چېكىسىنى ئەيلىدىم يىرىق.
باھادىر كۆڭۈلگە دەريادۇر كۆڭلۈم،
نامەردكە بەرمەيمەن بىر دانچە تېرىق.

ئۇلۇمدۇر، ئۇلۇمۇ ياخشى، ياشاشتىن،
چىۋىندەك نجاسەت ئۈزرە گىژىلداپ.
قىلىچنىڭ دەھشىتى قانچە راھەت - ھە!
يۇرگەندىن تىزلىنىپ، يىغلاپ مىژىلداپ.

پەخرىم شۇ ئىگىلىش زاتىمغا سىغماس،
مىڭ تەھسىن شۇنداق چوڭ قىلغان ئاتامغا!
غادىيىپ يۇرمىدىم مەيدە گىرالدەك،
تەشەككۇر تەندۇرۇس تۇغقان ئانامغا!

ھالاللىق يولىدۇر ھايات مەنزىلىم،
مەككارلىق بازىرىغا يايمىدىم تەنزە.
يىگىتلىك سۇپەتتە ئۆتسەم رەستىدىن،
بەدبەخلەر ھۇرپىيىپ دېيىشتى: سەنزە؟

ئەلادۇر مىڭ يۇكسەك ئىلاھى بۇتتىن،
مىڭ گەز يەر تېگىدىكى قارا كۆمۈرچى.
دەۋزەخ گۇرزىسىدە ئىزىلمەس تېنىم،
چېنىدى مۇستەھكەم تۇرمۇش - تۆمۈرچى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېتىقاد ھاياتقا، بەخت، ۋىسالغا،
ئېتىقاد ھالاللىق، پاكلىققا، ھەققە.
ئەركىكە! تەڭلىككە چەكسىز ئېتىقاد،
ئېتىقاد نېسىگە ئەمەس، دەل نەخكە!

## باغۋەننىڭ سەۋەنلىكى

باغۋەن كەلسە ئالما ئۈزگىلى،
ئوغرى ئاپتۇ كېچە ھەممىنى.
غۇجمەك - غۇجمەك ئالمىلار قېنى؟
تېتىمىغان تېخى تەمىنى.

شاخ ئېگىلگەچ باغنىڭ تېشىغا،
ئەپ كېلىپتۇ ئوغرىنىڭ قولى.
يامىشىپلا ئېگىلگەن شاختىن،
ئۈزۈۋاپتۇ قويماي بىر يولى.

يۆلەپ قويغان بولسىچۇ شاخى،
يا قويماپتۇ پاسىلغا ساخال.
ئىت بولسىمۇ باغلاپ قويسىچۇ؟
ئۇ ئوغرىغا شېرىك ئېھتىمال.

## دىلىمدىن ئۆچكەن ئاغىنەم

ئوتتۇز يىللىق دوست ئىدۇق، ھەئە،
يۇرتىمىز بىر ھەم بىر مەھەللە.
خەتمىمىزمۇ بىر كۇندە بولغان،
ۋاللەي ئويناپ چوڭ بولغان بىللە.

تاپساق بىر تال ئۈزۈك، بىر شاپتۇل،
بىر-بىرىمىزنى تاپماي يېمەيتتۇق.
جانغا سىڭگەن دوستلۇق ئىدى بۇ،
ھەرگىز سېنىڭ، مېنىڭ دېمەيتتۇق.

مېنىپ تېرىق كەبى ئەمەلگە،
تاغ ئۈستىدە سەزدىڭ ئۆزۈڭنى.
كۆردۈڭ قىلنى گويا ئارقاندەك،
شۆھرەت غەلەت قىلدى كۆزۈڭنى.

بار ئەقلىڭنى نەپسىڭگە بەردىڭ،
ۋىجدانىڭنى گۆرۈڭگە قويۇپ.
نەدە قالدى ئادەملىك ھېسسىڭ،
توڭگۇز بولدۇڭ ھارامغا تويۇپ.

ۋاي، ئىستەي، قېنى ئۇ غايەڭ؟
قېنى ۋەتەن، مىللەتنىڭ غېمى؟
روھى يىغلار بەلكى ئاتاڭنىڭ،
تېپىپ قويغاچ سەندەك نېمىنى.

بالىلار بار ئەتىگە دەيسەن،
شۇ بالىلار ئېسىڭدە بارمۇ؟!
كۆكلىگۈدەك زېمىن بولمىسا،
قۇرۇمامدۇ ھەتتا چىنارمۇ؟!

يۇرەرمىش سەن مېنى دوستۇم دەپ،
بۇ گەپ ماڭا بولدى بەك ئەلەم.
شۇ ھالىڭغا بۇ گېپىڭنى قوي،
ئەي، دىلىمدىن ئۆچكەن ئاغىنەم.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئىككى ئەخمەق

مېنى بىرى دەپتۇ: «مېنىڭ ئادىمىم،
ئىللا - بىللا يىرالمايدۇ سۆزۈمنى.
قولۇمدىدۇر ھامان ئۇنىڭ تىزگىنى،
باش چايقىسا كۆرسىتىمەن ئۆزۈمنى!»

كۇلۇپ كەتتىم بۇ ئەخمەقنىڭ سۆزىگە،
دەپ تاشلىدىم ۋايجان، يېتىم قوۋۇرغام.
غەزىپىمدە قۇيقا چېچىم تىك تۇردى،
تىغ يېگەندەك بولدى ھەتتا ئومۇرتقام.

مەن ئانامنىڭ قورسىقىدىن تاق چۈشكەن،
ئەمەسمەنكى، ھېچ كىم بىلەن قوشكېزەك.
تېنىم باشقا، دىلىم باشقا، تىلىم ھەم،
پەقەت - پەقەت ئۆزۈمگە خاس بۇ يۈرەك.

مەن ئەركەكمەن! چۈلۈك سىېپىپ ئەركىمگە،
ئۆزگىلەرگە تۇتقۇزمايمەن يىپىمنى.
ئۆز سازىم بار، ئۆزۈمگە خاس مۇقامىم،
مەن چالمايمەن خەقنىڭ كونا دېپىنى.

جاننى بېرەي، پىدا بولاي مىڭ قېتىم،
تىلىكىمگە ئورتاق بولسا تىلىكى.
ئىككىلەنمەي دەيمەن كۆتۈر كەشىگنى،
قىلچە غەيرىي غەرەزلىككەن يۈرىكى.

※ ※

مېنى بىرى دەپتۇ: «مېنىڭ شەپقەتچىم،
گەپ قىلمايدۇ ئۆزۈۋەتسەم تاغنىمۇ.

ھەربىر ئىشتا چوقۇم مېنى ماختايدۇ،
قىلغانلىرىم جەزمەن خاتا چاغدىمۇ».

توۋا دەيمەن ئەقىلسىزنىڭ گېپىگە،
بىلمەيدىغان ئوخشايدۇ ـ ھە! پېقىرنى.
دوختۇر ئەمەس ساق بەدەننى تاتىلاپ،
داۋالىماي يۆگەپ قويسا يېغىرنى.

بۇ ئالەمدە ھەممە ئادەم تەڭ ماڭا،
زىنھار كىرەك ئەمەس خەقنىڭ سەجدىسى.
ئەگەر كىمكى پۈتۈمغا سۆي، دەيدىكەن،
تاپىنىمنى يۇدۇۋالار گەجگىسى.

ئادەممىزكى، بۇرادەرلەر، ئادەمدەك
ياشايلى بۇ ئون بەش كۈنلۈك ئالەمدە.
تەرلىمەيلى جۇۋىسىدا بىراۋنىڭ،
قانداق نومۇس «تەخسىكەشلىك» بۇ كەمدە!؟

## يۈرەك لىرىكىسى

جانىۋارلار ئۇۋىدا، تون ئۇيقۇسىدا،
تەبىئەت تىۋىشسىز ياتار سوزۇلۇپ.
ماموق پەي ياستۇقتا قويغان مىليون باش،
بىر ئۇندىن چۆچۈدۈم چۈشۈم بۇزۇلۇپ.

تىڭشىدىم ئالەم جىم، جىسمىمدا سادا،
كۆكرىكىم دەريادەك تۇراتتى تەۋرەپ.
روھىمنى ئويغاتتى غەرق ئۇيقۇدىن،
تىمتاس تون ئىچىدە يۈرەك گۈپۈلدەپ.

جاراڭلار روھىمدا يۈرەك ئۈنىدىن،
ھاياتنىڭ ئەڭ ياڭراق سىمفونىيىسى.
گاھ پەرى دىمىدەك مەيىن ئاجايىپ،
گاھ كۆكنىڭ چاقماقلىق گۈلدۈرمامىسى.

گاھ غەمخان ئانىنىڭ مۇڭلۇق ئەللىيى،
تەمبۇرنىڭ تارىدەك تىترەڭگۇ بىر ئۈن.
گاھ جەڭگاھ قوينىدىن ئۆرلىگەن قىقاس،
گاھ شىردەك گۈركىرەپ يول ئالغان كەلكۈن.

يالجىدىم لاۋۇلداپ ئاتەش ئىچكەندەك،
تەن گويا ئوچاقتا ئوتلانغان پولات.
يالقۇن تەن ئىچىدە جان سەمەندىرى،
تومۇردا قان ئەمەس، ئوت ئاقار، ھەيھات!

ئاھ يۈرەك، ئاھ يۈرەك، ئۆرۈمنىڭ شاھى،
تۆرەلدىم مەن ئۈنىڭ دولقۇنلىشىدىن.
ئالتۇندەك تاۋلاندى ۋىجدان، ئەرلىكىم،
مىڭ قۇياش تەپتىدە يالقۇنلىشىدىن.

نىمە بار ئالەمدە يۈرەكتەك بىدار،
ئۇ دەقىق ئۇيقۇغا باش قويماس، ئويغاق.
بىدارمەن يۈرەكتەك، ھاياتلىقىم شۇ!
ئۈنىڭسىز كۆزۈمگە تولىمامدۇ تۇپراق؟!

شۇ يۈرەك باغرىمدا كەلدى گۈپۈلدەپ،
ھاياتقا، كۈرەشكە، بەختكە ئۈندەپ.
باق ئەنە پەلەكتە ۋىجدان بايرىقىم،
بورانلار قوينىدا تۇرار لەپىلدەپ.

www.uyghurkitap.com

شۇ يۇرەك بار مەندە ئەل - يۇرتقا سادىق،
قىش كارسىز! سۇلمايمەن شىۋىرغان جۇتتا!
شۇ يۇرەك ئوتىغا كۇللى ئوت لالدۇر،
كۆيمەيمەن ئەجدىها پۈركىگەن ئوتتا!

## ئۇنتۇما، جىنىم!

تۇن قارا قۇندۇزدۇر، بەختىمدەك قارا،
ئاھ، ئۇيقۇ تۆشىكىدە چۇش كۆرەر ئالەم.
بۇلۇتلار يىغلايدۇ مەن يىغلىسام تەڭ،
چاقماقلار ئوت ئالار ئاھىمدىن بۇ دەم.

قايدىدۇر بىر كىملەر شىرىن ئۆپۈشتەر،
ئاڭلىنار ئاشىقلار پىچىرلاشلىرى.
نەدىدۇر نازغىيدۇ بىر شوخ نازىنىن،
ۋىسال ياستۇقىنى ياپقان چاچلىرى.

لېكىن، مەن ۋىسالدىن يىراق، ھىجراندا،
يۇلتۇزسىز ئاسماندەك قاراڭغۇ دىلىم.
سەن قايسى جانانىڭ قۇتلۇق قوينىدا،
يوقتۇرمەن ئېسىڭدە بەلكى گۈزىلىم.

روھىڭنى تاقەتسىز ئىزدەيمەن ھەر تۈن،
تىلەيمەن چۇشۇڭگە بولماقنى مېھمان.
ئىزدەيمەن چۇشلىرىمدە ئىسمىڭنى تۇۋلاپ،
ئويغانسام ياستۇقۇم ياش بىلەن تولغان.

ياندۇ قەلبىمدە شۇنداق بىر ئارمان،
چۇشۇمدە بولسىمۇ كۆرسەمدىم سېنى.

مەيلىدى چۈشۈمدە بىر قۇچىۋالسام،
ئۆمۈرلۈك رەشىككە قويساڭمۇ مېنى.

چۈشتىمۇ بولمامسەن ماڭا نېسىپ ئاھ،
كۆرەلمەي يۈزۈڭنى ئۆتەرمەنمۇ يار؟!
ئالايغان كۆزلىرىم ئېقىپ كەتسىچۇ،
مەن ئاسىي ئالدىڭدا، ئاسىي گۇناھكار.

ئېسىڭدە بارمۇ شۇ ئايدىڭ كېچىلەر،
يادىمدا سەندىكى سۆيگۈ تولغان كۆز.
ھېلىمۇ خۇلقۇڭنى ئەسلەپ ئېرىيمەن،
ئېھ، قانداق شېرىندىڭ، جېنىم شېرىن سۆز.

شۇ دەريا بويىدا باش قويسام ساڭا،
ئۇخلىتىپ قوياتتىڭ بېشىمنى سىلاپ.
ئويغانسام يۈزۈمدە ئىدى قوللىرىڭ،
تۇراتتىڭ كۆزۈمگە ئاھۇدەك قاراپ.

ئاھ، كىمنىڭ چېھرىدە ئاشۇ قوللىرىڭ،
شۇ ئىللىق باغرىڭغا كىم قويغاندۇ باش.
ۋاي، دادەي! بۇلارنى ئويلىماق دەھشەت،
قانداقمۇ بەرگۈلۈك بۇ ئويغا بەرداش.

مېنىڭ ھەم قېشىمدا يانار تۇندە ئاي،
خىيالىم بۇلۇتلۇق، چۈشمەس دىلغا نۇر.
تۇمانلار تۇسىغان ئايدىن نېمە نەپ؟
ئۆزۈم يار قېشىدا، كۆڭلۈم سەندەدۇر.

چىشلەيمەن قولۇمنى بارماقلىرىم قان،
تۇگىمەس نادامەت، پۇتمەس پۇشايمان.
سەن ئىدىڭ چىراغىم، سەن ئەڭگۈشتىرىم،
مەن نادان گۆھەرنى شۇ تاشقا ئۇرغان.

سەن سۇلماس بەختىمنىڭ گۇلشىنى ئىدىڭ،
شۇ گۈزەل گۇل - لالەڭ مېنىڭدى - مېنىڭ!
يۇتمامتىم بەرگىنىڭدىن گۇلگۇن مەيلەرنى؟!
شۇ ئىدى مۇرادىڭ، بەختىڭ ھەم سېنىڭ.

قان يۇتقان ئىدىڭغۇ قالدۇرۇپ كەتسەم،
ئەمدى مەن قان يۇتۇپ، قان بولدۇم تامام.
بىلمەيمەن سەن بۈگۈن نېمە قىسمەتتە؟
مەن ئۈچۈن بۇ ھايات بولماقتا ھارام.

سېنى بىر كۆرەلمەي، ئۆلەمدىمەنكىنم،
تەقدىرگە نېمە دەي؟ مەيلى بۇنىڭغا.
چۈشۈمدە بولسىمۇ كۆرەي مەن سېنى،
ئۇنتۇما، ھەر كەچتە ئالغىن ئويۇڭغا!

## كېلەچەك سۆيگۈسى

تەلپۈنمەس تەقەززا بولۇپ كىم ساڭا،
سۆيگۈسى دىللاردا يانغان كېلەچەك.
سەن گويا كۆكسۈمدە يانغان نۇر چىراغ،
شەيدايىڭ شەمئىڭگە ياقىدۇ يۈرەك.

سەن يىراق مەنزىلدە كۆرۈنگەن ئاتەش،
تىترىگەن تەنلەردە قوزغاپ ئىشتىياق.

ئەسىرلەر تېغىدىن ئۆتتى كارۋانلار،
خەتەرلىك يوللارنى قالدۇرۇپ ئۇزاق.

سەن نۇرلۇق بىر مەشئەل، ئىنسان قەلبىنى
ئىللىتار مېھرىڭنىڭ شولا - يالقۇنى.
سايلاردا تەشنا لەب بولغان جانلارغا
سەن هايات بەرگۈچى دەريا دولقۇنى.

سۆزلەيدۇ مىڭ يىللار ھېكايىسىنى،
سايىسى سەيياهقا ئارامگاھ توغراق.
ئۆتۈشكەن تالاي رەت بۇندىن باتۇرلار،
زۇلپىقار ئوينىتىپ، مىنىپ ئارغىماق...

چاچرىغان قانلاردىن قىزارغان ئۇپۇق،
گۇۋاھلىق بېرىدۇ زېمىن ھەققىدە.
نېمە ئىش بولمىدى بىز تۇرغان يەردە،
كېلەچەك مېھرىڭگە باغلاپ ئەقىدە.

بارىدۇ ھاياتلىق ساڭا ئەگىشىپ،
بۇ چەكسىز سەپەرنىڭ يوقتۇر پايانى.
گويا سەن ئاخىرى پۈتمەس بىر داستان،
سۆزلىسەم تۈگىمەس قەلبىم بايانى.

بوۋىلار تەلپۈنگەن پارلاق كېلەچەك
جاي بەردى قوينىدىن بىزلەرگە بۈگۈن.
بىز كۈتكەن ئەتىنى كۆرىدۇ ئەۋلاد،
ئۇلارنىڭ مېھرىنى قوزغايدۇ ئۆگۈن.

زوقۇمنى تارتىدۇ قىلىپ تەبەسسۇم،
ئالدىمدا جىلۋىلىك بىر جۇشقۇن ھايات.
كېلەچەك قايدا؟ دەپ تۇرمايمەن كۈتۈپ،
ئىقبالغا كۆز سېلىپ چاپتۇرىمەن ئات.

يارامدۇ دولقۇنلار باغرىنى قىيىق،
شىددەتلىك رەۋىشتە ئۇرمىساڭ پالاق؟!
كاراپتەك بارمىساڭ دولقۇنلار يېرىپ،
ئۆزىچە ئالدىڭغا كېلەمدۇ قىرغاق؟!

## تىلىكىم

جاھان گۈلزار گۈللەرگە تولغان،
ھەربىر ئىنسان ئۇندا بىر چېچەك.
تالاي قىسمەت كۆرىدۇ ئادەم،
تىنچ ئۇيقۇغا پاتقۇنچە يۈرەك.

بولغىنىدەك پەقەت بىر يىلنىڭ
باھار، يازى، قىش ۋە ئايازى؛
ھاياتنىڭ بار ھەر ئىنسان ئۈچۈن،
شەپقەت، غەزەپ، كۈلكە ھەم نازى.

گۈل نۇروزغا يەتكەن دەمدىمۇ،
سوقۇپ تۇرار باھار جۇدۇنى.
كەچ كۈز تۆكەر ئۈششۈك بەرگىنى،
قىش مۇز بىلەن ئورايدۇ ئۇنى.

دېمەك قىسمەت شۇنداق ئىگىز - پەس،
گاھ پەسلەپ، گاھ تاشقان دەريادەك.

گاھ دىۋىدەك بوغار گېلىڭدىن،
گاھ قۇچاقلاپ سۆيەر رەنادەك.

مەن دۇنياغا يىغلاپ تۇغۇلغان،
دىلغا زاھىر بولغاچ قىسمىتىم.
يىغلىۋالغان زاكامدا تازا،
پۈتكەن بارچە يىغام شۇ قېتىم.

مەن ئىنسانمەن، ئىنسان بىلەن تەڭ،
بىر ئىنسانلىق ھوقۇق ئۆزۈمنىڭ.
بۈيرۇقلارغا مەھكۇم ئەمەسمەن،
ئەركىم، بەختىم تولۇق ئۆزۈمنىڭ.

مەيلى قىلىچ ئوينىسۇن باشتا،
مەيلى دارغا سۆرىسۇن ئارقان.
قەسەمياد شۇ: تۆكسەم تامچە ياش،
ۋەتەنداشلار دېمەڭلار ئوغلان.

يەڭگىگەندە، سورىغاندا ئەل،
پەخىرلەنگەن «ئوغۇل» دەپ ئانام.
ئىش قىلمىسام ئوغۇلغا لايىق،
ئانام بەرگەن سۈت ماڭا ھارام.

ئايان بىزگە ھايات ھۆكمىدىن،
كۆكتە بولسا قۇياش...ئاي پەقەت.
يەردە دەريا، ئورمان، تاغۇ تاش
بولسا ھايات ئۆزۈلمەس ئەبەد.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مەن كېتىمەن، ئوغلۇم قالىدۇ،
ئوغلۇمغا يوق ئالتۇن مىراسىم.
ئىشىنىمەن، ھازا ئىچىپ ماڭا
بولمايدۇ چوڭ ماتەم مۇراسىم.

ئۈمىدىم شۇ: قالسا ئۆمۈرلۈك
مىراس بولۇپ ئوغلۇمغا خۇلقۇم.
تىلىكىم شۇ: بولسا ئەپئالىم،
نەۋرە، چەۋرە، ئەۋرەمگە ئۇدۇم.

## غۇرۇرۇم

كېلىمەن ھاياتنىڭ چەكسىز يولىدا،
ئالدىمدا ئىستىقبال، ئارقامدا ئىزىم.
لەكمىڭلاپ نىگاھلار تاشلىنار ماڭا،
قوزغىتىپ دىلىمدا رەڭمۇرەڭ سېزىم.

كېلىمەن مەردانە قول سېلىپ مەغرۇر،
نەزەرىم پەس ئەمەس، قۇياشتەك يۈكسەك.
تاپانلار تېگىگە باقماق نومۇستۇر،
ھامانە يۈكسەككە تەلپۈنەر يۈرەك.

«دوست باقار بېشىڭغا، رەقىب پۇتۇڭغا»
بۇ ئەزەل زاماندىن قالغان ھەق ماقال.
بوۋايلار قالدۇرغان گۆھەردەك سۆز بۇ،
ھەقىقەت يۈزىدە رېئال ئۇشبۇ ھال.

مەن كۆزگە باقىمەن، كۆزگە كۆز تىكىپ،
ماڭا شۇ كۆزلەرنىڭ نىشانى ئايان.

بىشىمغا باققانلار بىشىمدەك يۇكسەك،
تىگىمگە باققاننىڭ نەرقى خەس ـ سامان.

ئاياغىنىڭ تىگىگە يۇقمايدۇ نىمە،
ھە، ئۆزۈڭ ئويلىۋال، بەس! بولدى يازماي.
ئىختىيار، قايسىغا باغلىساڭ ھەۋەس،
مەن ساڭا شۇنچىلىك ئەسلىتىپ قوياي.

ئىزلىسەڭ تاپارسەن، بۇمۇ بىر ھەق سۆز،
تىلىكىم گۈزەللىك، نىجاسەت ئەمەس.
باقىمەن شەپەققە، شەپەق رەڭ يۈزگە،
ئەسكى خۇي نامەردتىن بولىمەن پەخەس.

قاغىنىڭ رىزقىغا ئولتۇرغان دوكلار،
بۇ گىگانت تۇرقۇمدىن كېتەر ھودۇقۇپ.
بىلىمنى ئىگەلمەي كەتتى ھوشىدىن،
مىنىمۇ ئۆزىدەك دوك قىلماق بولۇپ.

ئومۇرتقام قايرىلىپ ئوشتۇلىسىمۇ گەر،
قەددىمنى تىك تۇتۇپ ياشايمەن مەغرۇر.
يەر يۇتسۇن تاپانغا باقسام، ئىگىلسەم،
يىگىتلىك ھېسسىمدىن ئۆركەشلەر تومۇر.

چېھرىمگە بىقىڭلار، چېھرىمدە سۆيگۈ،
چېھرىمدە قەلبىمنىڭ بار گۈزەللىكى.
مەن كەلدىم ئاشۇنداق، شۇنداق بارىمەن،
گۈل ئاچقاي ئىقبالدا مەردلەر تىلىكى.

## مىنۇتلار سىردىشىم

سەپىرىم ئۈزۈلمەس تىنىقلىرىمدەك،
نەپەسسىز گەۋدىدە نە سەزگۈ، ھايات.
رودۇپاي تىرىكلىك بەئەينى ئۆلۈم،
مەنزىلىڭ ئىز چۈشمەي ئاق قالسا ئۇيات.

مىنۇتلار سىردىشىم، بىز قونماس كارۋان،
تۈنلەرنى سەپەردە ئۇلايمىز تاڭغا.
ئۇيقۇلۇق ئالەمدە كولدۇرما ئۈنى،
ناخشىمىز تەڭكەش شۇ جۇشقۇن ئاھاڭغا.

ئالدىراش ماڭ! دەيدۇ سېكۇنت چېكىلداپ،
ئارماندىن قوڭغۇراق سوقىدۇ يۈرەك.
ئايلىنار يەر كۈننى، تىزىلار قۇرلار،
ھېسلىرىم ئۆكسىمەس نۇر ئېقىنىدەك.

ئېھ، گۈڭگا تۇمانلار كەينىدە بىر باغ،
ئۇ تىلەك ياراتقان دىلدىكى بېھىش.
ئاسماندىن خىزىر قۇت تاشلىغان ئەمەس،
قاي بىنا تىكلەنگەن ئىنسان تىزماي خىش.

زېمىندىن مۇئەللەق باقسام جاھانغا،
مىلياردلاپ دەۋرىنىڭ خاتىرىسى يەر.
— بۇ گۈزەل دۇنيانى كىم ياراتقاندۇ؟
— ماڭلايدىن چېپىلداپ ئاققان زىلال تەر!

سېكۇنتلار چېكىلدار، يۈرەك دۈپۈلدەر،
ئايلىنار تومۇردا مىڭلىغان قۇياش.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

شىجائەت سەرۋەردۇر ئۈمىد يولىدا،
مەردانە قەدەمدىن تىترەر تاغۇ تاش.

ئىستىقبال سىغىنار مېنى، مەنمۇ ھەم،
ماڭىلا چاپلاشماس تۈگىمەس ھىجران.
تاھىرغا ھېچ گەپتۇر دەرياغا چۆكمەك،
پۈتۈمدىن خەت قۇچۇپ قالدى نى داۋان.

سېكۇنتلار چىكىلدار، تەرلەر چىپىلدار،
ئارمانسىز كارۋان يوق، ئۈمىد ئۇز، يول تەس.
بىر ماڭدام ماڭسام تەڭ يىقىنلار مەنزىل،
پالاقسىز قېيىقچى قىرغاققا يەتمەس.

كۆك سۆيگەن چوققىدا ئۈمىد نىگاھىم،
رازىمەن دەل بەلدىن ئاشالىسام سەل.
مەن بەلدىن ئاشتىممۇ، ئوغلۇم چوققىدا،
نەۋرىلەر قۇياشقا ئۈچىدۇ تۈگەل.

## پۈۋلەنگەن شار

پۈۋلەنگەن شار مەغرۇر كۆرەڭلەپ،
مۇئەللەقتە تۇراتتى لەيلەپ.
ئىرغاڭلايتتى تەكەببۇر بىر ھال،
شاماللارغا نازغىپ ئەركىلەپ.

ئۇ بارچىنى چاغلاپ شۇنچە بەس،
«شۆھرىتى» دىن ئىدى مەس - ئەلەس.
كۆرۈپ كۈننى دېدى: ۋاي ئىسىت،
ماڭا ئەسلى بۇ جاي خاس ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

دېدى: ئەي كۈن! سەنمۇ بىر شاۋغۇ،
نېمە ھەققىڭ تۇرماققا ئېگىز.
خەپ، ئۈستۈڭگە چىقىۋالمىسام،
سەندىن پەستە تۇرمايمەن ھەرگىز.

ئۇچماق بولۇپ سىلكىندى شار: ۋاي...
شۇ چاغ سەزدى بويىنىنى يىپتا.
ھەسەت قىلدەك كۆيدۈردى ئۇنى،
كۆزىگە قان تولدى شۇ تاپتا.

دېدى: جېنىم، ئەي جېنىم شامال،
مەن سەن بىلەن كېتەي، ئېلىۋال.
شامال سىلكىپ ئۈزدى، ئۇچۇردى،
بارغان يېرى بولدى بىر ئازگال.

## ئۆزۈم بىلىمەن

يا ئەييۇھەنناس!
مەن دۇنياغا كېلىشتىن بۇرۇن،
يازمىغانىدىم
ھېچ كىشىگە تەلەپ ـ ئىلتىماس.

مىنىڭ مەزمۇندا مىنىڭ خىل كۆلىمەن،
تۇغۇلدۇممۇ، ياشايمەن، ئەمما
ئارتۇق بىزار قىلسا بۇ دۇنيا،
قالدىسىنى ئۆزۈم بىلىمەن.

# كەڭ ئانا يېرىم

ئانامنىڭ باغرىدەك كەڭ ئانا يېرىم،
ھاياتىم غۇنچىسى كۈلگەن گۈل بېغىم.
چېكىنىڭگە يېتەلمەي سېزەر كۆز يېغىم،
ئېھ، پەخرىم، مۆھتەرەم، ئەزىز تۇپرىقىم.

مىڭ شېرىن ئىشقى جەم پەرھادتەك باقسام،
ئاق تاجلىق چوققاڭدا قۇياشنىڭ لېۋى.
ھايات بەخش دولقۇنلار قوينىدا ئاقسام،
ھەر قەترە بەھرىڭنىڭ يوقتۇر تەگ - تۈۋى.

سۆيگۈمنىڭ كۆكسىدە چەكسىز كەڭلىكىڭ،
يۈرىكىم — رۇخسارىڭ كۈلگەن ئەينىكىڭ.
جامالىم — ھۆسنىڭگە چەككەن ئەڭلىكىڭ،
لاپ ئەمەس مىڭ قۇياش بىلەن تەڭلىكىڭ.

ئالەمدەك قەلبىمدە ئىشقىڭدۇر سەرۋەر،
مۇھەببەت بەرگىمدە قۇت بەرقى جەۋلان.
جىلۋەڭدە باتىنىم كۈندەك مۇنەۋۋەر،
مىرادىم گۈزەللىك ئۈچۈن ئاشىيان.

ۋەسلىڭگە مۇشتاقلىق بىر ئەزىم ئەنھار،
قەلب كەڭلىكىمگە سىيمايىڭ ئەنداز.
ئوقچۇغان قېنىمدا سۇباتىڭ ئىزھار،
مېھرىڭدەك خۇلقۇڭمۇ ئەبەد - ئەبەد ياز!

كەڭ گۈلزار ۋاداڭدا ئۈستۈم شادىمان،
باغرىڭدا يايلىدىم بولۇپ ئەركە تاي.

نېمىتىڭ گوياكى پايانسىز ئاسمان،
مەن بەخت شەمئىگە تولغان تولۇن ئاي.

مېھرىڭدۇر كەڭ كەتكەن پايانىڭدىن كەڭ،
ئۇن قۇياش تەپتىنى بالقىتار زەررەڭ.
بىر دەريا بەھرىنى بەرگەچ ھەر قەترەڭ،
كۆكسۇم مىڭ دېڭىزنىڭ جەمئىيسىگە تەڭ.

دىلخانەم مۇلكىگە ناھىلىسىز «تارلىق»
بۇ ئۆمرۇم گەنجىگە تولغان ئىلتىپات.
تىلىكىم: دوستلارغا باغ - لالەزارلىق،
زۇغۇيلۇق غەرەزدىن خىيالىم ئازاد.

سەن بەردىڭ ھەممىنى، سەن بەردىڭ ۋەتەن،
سەندە كەڭ ساخاۋەت! يوق زىنھار مىننەت.
شۇ ئالىي پەزلىڭنى جەم ئەيلىدىم مەن،
ئوغلۇڭمۇ سەن كەبى باھادىر، چىن مەرد!

كۆلگۈسى مۇرادقا ئەپئال رەھنىما،
كەڭ دىلغا بەخت كەڭ، تار دىللار تار.
باھادىر مەردلەرگە تەھسىن دائىما،
نامەردكە نەپرەتلەر مۆلدۈر بوپ ياغار.

## بۇت

بەك ھەشەم ياسالغان بىر قەسرى راۋاق،
كۆز چاقار نەقىشلەر، تامام ئالتۇن ھەل.
تۆردە سۆلەتلىك گۆھەر تەختىگاھ،
ئۈستىدە ئولتۇرار ھەيۋەتلىك ھەيكەل.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كىمدۇ بۇ؟ بېشىدا ئالماس كۆزلۈك تاج،
پاھ، بەلۋاغلىرىدا رەڭمۇرەڭ ياقۇت.
كىم دەمسەن، كىم ئىدى، نادان ئادەملەر
گەژ، پاتقاق لاي بىلەن قوپۇرغان بىر بۇت!

قارىساڭ ئىنساندىن بەھەيۋەت، مەغرۇر،
بۇلۇتلار قويىنىغا قويغان راھەت باش.
تېگىدە گۈل تولا، گۈلچەمبىرەك ھەم،
كەشىدە يالتىرار ئەل تۆككەن پاك ياش.

ئەسىرلەر شۇنداق كەلدى گىدىيىپ،
ئويۇلدى يىغلىماي تىكىلگەن كۆزلەر.
گىدىيىپ تۇرغانچە تۇردى گىدىيىپ،
ئالدىدا تۇپراقنى سۆيسىمۇ يۈزلەر.

ئۇندا نە سۆيگۈ، ھېس، نە مېھىر، تىلەك؟
ھايات قىرغىنلىرىدا بۇزغان ئەمەس رۇي.
تويلاردا بىر قېتىم كۈلگەن ئەمەس، ھەي…
باش قويدى توختىماي لېكىن دۇئاگوي.

مەيلى ھەق سۆز قىلىپ تالقان بولسا تەن،
بۇ ئۇلۇغ بۇت ماڭا ئىت قەدرىدىن پەس.
ئىت تۇگۈل ئورتاقتۇر بەخت ـ قايغۇڭغا،
ئىتنىڭ ھەر مويىغا مىڭ بۇت تەڭ ئەمەس!

## تەرلىرىم

ئىزلەيمەن ھاياتتىن يىپپىڭى مەنا،
ياندۇرۇپ تۇنلەردە دىل پانۇسىنى.

ئىختىرا بەھرىدە غەۋۋاسمەن گويا،
تاپىمەن بەختىمنىڭ دۇردانىسىنى.

مىڭ خىيال كېچىدۇ مەندىن ھەر نەپەس،
سۇبھىدىن تاكى تۈن نىسپىگە قەدەر.
چىپىلدار چىكەمدىن سۇزۇك ئۈنچىلەر،
جىلۋىسى زۇلمەتكە نۇر سەپكەن ئەختەر.

تىكىلسەم مەن ئاشۇ ئاشۇنداق خىيالچان،
كۆرۈنەر ئۇ گويا جاھاننەمىدەك.
بەختىمنىڭ چېھرىنى كۆرىمەن ئۇندىن،
بىتاقەت تەلپۈنۈپ تېپىرلار يۈرەك.

بۇ ھالال ئۆمرۈمنىڭ تىمسالى مېنىڭ،
يۈرەكتىن جۇش ئۇرۇپ ئاققان زىلال تەر.
مەن ئۇنى بەرمەيمەن، تېگىشمەك بولۇپ
تاۋاقلاپ - تاۋاقلاپ ئەكەلسىمۇ زەر.

ياقۇت كۆز ئۈزۈكتىن سۆيۈنگەن دىلبەر،
ئاھ، بەلكى بۇ تەرگە سالماس ھېچ نەزەر.
مەن ئۈچۈن ئەرزىمەس بۇ تەر ئالدىدا،
شاھلارنىڭ تاجىدا نۇرلانغان گۆھەر.

شۇ تەردىن بالقىغاي بەختىم قۇياشى،
ئۆمرۈمنىڭ شورتاڭى بولغاي گۈلىستان.
يۈرىكىم قاق بولۇپ قۇرۇپ قالمىسام،
ئۇ گۈلدەك مەڭزىمدە جۇلالار ھامان.

ئۇ ئەمەس باش ئۇرۇپ تۆكۈلگەن كۆز ياش،
ئىلتىجا دەشتىدە چەككەندە ئەلەم.
رازىمەن سەجدىدە كۆز نەملىگۈچە،
قىلىچمنى قىنىمدا بۇياپلا ئۆلسەم.

يىراقتۇر قەلبىمدىن تاما، ئىلتىجا،
مېھنىتىم بەختىمنىڭ چىن رەھنىماھى.
تاغلاردا پادىچى بولسام خۇشالمەن،
نە ھاجەت ئۆزگىنىڭ زەر تەختىگاھى.

مۇشۇ يەر مېنىڭدۇر ئانام چوڭ بولغان،
تەڭداشسىز تەختىمدۇر تۇغۇلغان كۇلبەم.
مەن گۈلشەن ياشايمەن بالىلىرىم ئۈچۈن،
تەرلىرىم زېمىنگە تۆكۈلگەن زەمزەم.

## سۆيگۈ قېرىماس

سامادا دېگەرنىڭ جىلۋىسى،
دەسلەپكى كۈز ئەكسى ياپراقتا.
كۆن تاغلار ئۈستىدە لەيلەيدۇ،
ئۈن بېرەر بىر كاككۇك يىراقتا.

مىڭ يىللىق بىر ياڭاق دالىدا،
سىغمايدۇ قۇچاققا ھەر شېخى.
ئېھ، ئۇنىڭ تۈۋىدە قوشۇلغان
بىر تالاي ئاشىقلار تىنىقى.

ھېلىمۇ بۇ يەردە تۈنلىرى
جۈپلىشەر ئوت لەۋلەر ئارمانسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەجەبكىم، ئولتۇرار چال كىشى،
كىم دەيدۇ بوۋايلار ھىجرانسىز.

چال تۇردى ھاسىغا تايىنىپ،
نۇر ئۆچكەن كۆزلىرى ياش يۇقى.
قىرىق يىل مۇقەددەم ھەر ئاخشام
ساقلايتتى بۇ يەردە مەشۇقى.

چال يۇردى خىيالچان، ئېگىلىپ،
يىراقلاپ بورالدى ياڭاققا.
چاچلىرى ئۇچتەك ئاق بىر موماي
تۇراتتى تەلمۇرۇپ بۇياققا.

قاراشتى، كۆزلەرغۇ نۇرسىزدۇر،
تونۇدى يىراقتىن يۇرەكلەر.
تۇرۇشتى جىم بىر پەس قارىشىپ،
قوزغىدى قەدەمنى تىلەكلەر.

ئولتۇرار ياڭاققا يۆلىنىپ،
قىرىق يىل بۇرۇنقى ئاخشامدەك.
تەگەشتى ئۆتمۇشتىن بىر ھازا،
دېيىشىپ: «ھەي تەنتەك»، «سەن تەنتەك!»

ئۇنتۇلدى شۇ يەردە جۇپ ھاسا،
تۇرۇشتى ئورنىدىن يۆلىشىپ.
شام يانار بوۋاينىڭ ئۆيىدە،
ئولتۇرار ئىككىسى كۇلۇشۇپ.

# قۇياشقا خىتاب

ئاھ، قۇياش نىمانچە يەرگە يىراق سەن؟
مۇشتاقىمىڭ باغرىغا سالدىڭ پىراق سەن.
قارا تۈن قوينىغا مۆكۈنمە، توختا!
سال مېنىڭ دادىمغا بىر پەس قۇلاق سەن.

ھەر سەھەر يۈزۈڭدىن ئالىسەن رومال،
ئاھ، مەندىن كۆپ يىراق ئالەم شەرقىدە.
بۇندا سۇس نۇرۇڭغا قاقلىنىپ، تىترەپ،
تۈنىمەن مەجنۇن ھال بىر تەرىقىدە.

نۇر - يالقۇن تىلەيمەن سەندىن زارىقىپ،
بىچارە ئاشىقتەك تەلمۈرۈپ ئۇزاق.
نۇر ئىزلەپ كۆزلىرىم بولىدۇ نۇرسىز،
يۈرىكىم كەچ كۈزدە قار قونغان ياپراق.

كەچ يېتىپ كېلىسەن يالقۇنىڭ سۇسلاپ،
مۇز تاغلار ئۈستىدە يانىسەن بىر ئان.
شەپەقرەڭ كۆزلىرىم كەچكى شەپەقتە،
ھايالسىز مۆكىسەن، يەنە شۇ ئارمان...

ئارمانلار جىم قويماس جايىمدا بىر دەم،
قوغلايمەن كەينىڭدىن، يولدا مىڭ دوقال.
قارلىق تاغ، ھاڭ، جىرا، دەريادا ئىزىم،
نەدىدۇر ھەزرىتى خىزىر ئاقساقال؟

مېنىڭ بۇ سۆيگۈدىن نېسىۋەم ھىجران،
ئاي يىغلار ھالىمغا باغرىنى داغلاپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

چاراقلار روھىمدا ئاتەشلىك چېھرىڭ،
سۈبھىنى كۈتىمەن يۇلتۇزنى ساناپ.

تۈن بويى مەغرىبتىن ئىزلەيمەن، دادەي،
مەشرىقتە پىنھاندىن چىقىسەن سەھەر.
بۇ مېنى ئالداش يا مەسخىرەڭمىكىن،
قىلىقىڭ بەئەينى سېھرى جادۇگە.

خەپ سېنى، خەپ سېنى، قاچە، قېچىۋەر!
توسايمەن ئەرشتە بىر كۈن يولۇڭنى.
بۇ چەككەن ھىجرانغا بار ۋەسلىڭ بەدەل،
ئاقىۋەت قۇچىمەن ئۆزۈم بويۇڭنى!

## بۇ مېنىڭ ئەركىم

جاھاندا بىر ئەسىر ياشىغانلار ئاز،
مىڭ ياشنى كۈتسىمۇ كۆڭۈل خاھىشى.
قايسى كۈن كېتىسەن ئالەمدىن، نەدە؟
بۇ قىسمەت ھاياتنىڭ ئۆز پەرمايىشى.

تۇغۇلدۇم ھاياتقا كۆز ئېچىپ مەنمۇ،
كېلەركەن ئالەمگە ھەرجان ناگىھان.
ئۆستۈردى باغرىغا بېسىپ جان ئانام،
بۇ يەردە گۈركىرەپ ئۇچقاندا بوران.

يېتىلدىم مۇز تاغدا كۆلگەن لەيلىدەك،
قېلىن قار قوينىدا چوغدەك يەلپۈنۈپ.
رەڭ ئالدىم ھۆسنۈمگە قان رەڭ ئۇپۇقتىن،
چوققىلار كەينىدىن كۈنگە تەلپۈنۈپ.

غەرق بولدۇم تاھىردەك قىسمەتكە تالاي،
دەريادا مىڭ دەريا تۆكۈلدى يېشىم.
ۋە لېكىن رەقىبتىن پىنھان يىغلىدىم،
سەن بىرىپ دەپ قويما ئۇنى سىردىشىم.

شاھىتتۇر ئۆمرۈمگە بۇ چارەك ئەسىر،
خۇشالمەن، ياشىدىم مەغرۇر، يۈكۈنمەي.
بار شۇنداق ياشىغۇم مىڭ يىللار ئۆلمەي،
نە چارەم ھاياتنىڭ ھۆكمىگە كۆنمەي.

— ئۆلۈمنىڭ دەھشىتى قانچە؟
— ئەرزىمەس!
— ۋىجداننىڭ ئازابى يامان ئەجەلدىن.
يىگىتلىك روھىمدۇر بار ئىپتىخارىم،
ئىستىكىم پاك ياشاپ ئۆتمەك ئەزەلدىن.

پەلەك گەر تاشلىسۇن ئالدىمغا ئاتەش،
ئوت كېچىپ يولۇمنى قىلىمەن داۋام.
تاغۇ تاش ياغسىمۇ ئۈستۈمگە قاردەك،
مەن ئادەم بولامدىم رايىمدىن يانسام.

ئەۋرىشىم خىياللار ماڭا يار ئەمەس،
غايەمدە بىر يارقىن ئوبراز زەپەردەس.
مەن ھايات ھۆسنىگە قانمايمەن، ئەمما
پالاستەك ياشاشنى قىلمايمەن ھەۋەس.

تۇغۇلدۇم ھاياتقا كۆز ئېچىپ، بەختىم!
تۇغۇلماق تاسادىپ، كۆز يۇمماقمۇ ھەم.

لىكىنزە يوق ئۆمۈر، ئەركىمگە شېرىك،
ياشاشنى مەيلىمچە تاللايمەن ھەردەم!

## قەلب ئالىمى

كۆزلەردە دىل ئىزھار، سۆيگۈ نۇرلىنار،
جۇپ لەۋدىن جان جانغا ئارلاشتى شۇ تاپ.
پەرۋاندەك «نۇر، نۇر!» دەپ ئاھ چەكسەم نىگار،
رەنجىمە، سۆيگۈنىڭ خىلى بىھېساب.

مۇڭلانما گۈزەللەر كۆزىگە باقسام،
ھەر كۆزدە مىڭ جاھان، تۈمەن مىڭ جانان.
ھەر دىلنىڭ بەھرىدە خىيالەن ئاقسام،
دەيمەن: يوق بۇنىڭدەك كەڭ دېڭىز - ئوكيان.

جاھان نە؟ ئاسمان نە؟ قەلب ئالدىدا،
كۆكسۈمنى ئاشىيان قىلار كۆللىيات.
روھىم بىر سەنئەتكار، بولار ئىختىرا
ھەر مىنۇت بىر نۇرلۇق رەڭدار كائىنات.

كەل، باتىن يول بىلەن باتىنىمغا كىر،
قۇياشقا مىنگىشىپ ئايلان يوشۇرۇن.
يېتىلەپ باغلارغا باشلىسۇن خىزىر،
كۆرگەنمۇ سەن بۇنداق ۋادىنى بۇرۇن.

يۇلتۇزلار تېگىدە ياتىدۇ تەكشى،
كۆر، ئالتۇن غوللاردا گۆھەر چېچەكلەر.
باغلارغا پۈركەنگەن تاغلار قاشتېشى،
لېۋىڭگە قونىدۇ شوخ كېپىنەكلەر.

ئاق ئالماس پەتنۇستا ياقۇت جامدا مەي،
ئۇلپەتداش يېنىڭدا بىلىق بەدەنلەر.
سۇپۇرا نېئمەتلەر چىقىرار ئۇزمەي[1]،
ئەرزىمەس بال - ناۋات، ئەرزىمەس قەنتلەر.

مەككىگە تەلمۇرمە سوراغلاپ زەمزەم،
يۇر، كەۋسەر سۇيىگە چىللايدۇ ئارشاڭ.
چۆمۈلۈپ يات ئىللىق قوينىدا بىر دەم،
ئون سەككىز يېشىڭغا قايتىسەن چىقساڭ.

دەريالا قوينى بىر ئالەم، ئۇزمەكنى -
ئويلىساڭ ئالدىڭغا چىقىدۇ لەھەڭ.
سۇمۇرغلار كۆرستەر ساڭا پەلەكنى،
ئەنقالار يەلپۈيدۇ ئەگەر تەرلىسەڭ.

بىل، شۇنداق ئۇز ئالەم قەلب ئالىمى،
تالاشسىز، غوۋغاسىز، ئەركىن، ئازادە.
ئىلكىدە ھەركىمنىڭ ۋىسال، قۇت جامى،
دىل ئەمەس ھەسرەت يا رەشىكتىن زىدە.

شۇ دۇنيا - دۇنيالار خانىسى مېنىڭ،
ئۇ ساڭا سەيلىگاھ بىلسەڭ، ئەي نىگار.
دىلىڭدا دۇنيا قۇر سەمۇ، تىلەي مىڭ،
تەر تۆكەي، زەر تۆكەي توختىماي زىنھار.

[1] چۆچەكلەردىكى خاسىيەتلىك سۇپۇرا.

كۆزلەردىن دىللارغا سەن، ئال گۈزەللىك،
ئال! ئالساڭ ھەممىنى بېرىدۇ ھايات.
ھارماي ئال ھەممىدىن مۇھىمى كەڭلىك،
كەڭلىكتە ھەر نەرسە بولىدۇ ئاۋات.

## ئاھ، مېنىڭ ئالمام

راھەت دەم، خىيابان، ئازادە بېغىم،
شاخلاردا ئالمىلار شۇنچە كۆپ، غۇژمەك.
ئېھ، رەڭدار چېھرىلەر، ئاقار كۆز يېغىم،
سوقىدۇ دولقۇنلار ئويغىتىپ يۈرەك.

تۇمەن مىڭ ئالمىلار ئىچىدە ھۆسۇندار،
پاھ، جانان چىنىدەك بۇ سۈزۈك ئالما.
دېيىشەر كۆرگەنلەر بولۇپ ئىنتىزار:
«شۇنداق چوڭ، سۈزۈك، ئۇز ئالما باركىنا؟»

ياز بويى مەن بولدۇم پاسىبان، مۇشتاق،
كىرپىكىم يۇمۇلسا چۈشۈمدە ئايان.
سۈزۈلغان قوللارنى توسۇدۇم ھەر ۋاخ،
يېپەكتە ئاۋايلاپ سۈرتتۇم ھەر قاچان.

تىكىلگەن كۆزلەرگە قەلبىمدە رەشىك،
قۇشلارنى كەلتۈرمەي قورۇدۇم ھەتتا.
ئالمىلار ئۈزۈلۈپ تولدى مىڭ يەشىك،
شۇ ئالمام قېپقالدى شېخىدا يەكتا.

كۈز كەلدى، ئالتۇن رەڭ ئالدى يوپۇرماق،
كەپەمدە كۈتكىنىم پەقەت شۇ ئالما.

هە، ئەمدى ئۇزەيچۇ، دەيمەنۇ مۇشتاق
ۋە دەيمەن ئۇزۇپلا «گاچ» لا يەۋالما!

ئۇزەي دەپ ئۇزاتسام تىترىدى قولۇم،
ساقلىدىم، ياپراقلار يەرگە سالدى تون.
ئەينەكتەك مۇز تۇتتى، توڭلىدى پۇتۇم،
ئالمادىن كۆز ئۇزمەي تۇرىمەن مەپتۇن.

دەرىخا! ئىزغىرىن شامال شاخ سىلكىپ،
ئۇزۇلدى (ئۇزۇلدى بىغىدىن يۇرەك).
قارىسام ئاھ، ئۇنى ئاۋايلاپ ئىلىپ،
مىڭەمدىن ئۆرلىدى بىر ئاچچىق تۇتەك.

يەم بوپتۇ، يەپ بوپتۇ ئىچىدىن قۇرت،
ھەم بىخسىپ مىڭىپتۇ، سىسىپتۇ ئىچى.
ئۆزۇمگە تەسەللا: بەس، ئۇنۇت، ئۇنۇت،
جىسمىمنى كۆيدۇرەر نادامەت پىچى.

قاراڭلار چىھرىگە، ئۆزگەرمىگەن رەڭ،
يىراقتىن تەلمۇرەر كۆزلەر ھىلىھەم.
باشتىلا ئۇزسەمچۇ مەن بولماي دىۋەڭ،
تەگمىگەن تىلىمغا تىخى ئالما تەم.

ساقلىغان مەن ئاڭا ياز بويى ئىشتەي،
نەپسىمغۇ نەچچە رەت دىگەن يەۋىتەي.
قۇرتلار ساقلىماي يەپ بوپتۇ، ھەي - ھەي…
كىلەر ياز شۇنداق بىر بولغاننى كۆرەي.

www.uyghurkitap.com

# ئاشلىق بەخش ئەتتى شائىرلىق

ئاق بۇلۇت ئۈستىگە قونغان ئاققۇدەك،
روھىمغا ئاھ، لەرزان قوندۇڭ ئاق پەرىم.
چېھرىڭدەك خۇشخۇيلۇق نەدە بولغۇدەك،
ئۆز جىلۋەڭ ئىلاھى نۇرمۇ؟ ياپىرىم.

شاھىم سەن قەلبىمدە ھەر چاغ، مەن ئەسىر،
روھىمدا جېنىمدەك ياشايسەن پىنھان.
باغرىمدا مەدھىڭگە مىڭ دەريا شېئىر،
مۇيەسسەر بولغىنىم دوزاختەك ھىجران.

مۇيەسسەر بولغىنىم پەقەتلا ھىجران،
ئۆمرۈمگە ئوت سالدىڭ، بەرمىدىڭ ۋىسال.
روھىڭنى روھىمغا يوللىدىڭ جانان،
زاھىرەن ئالدىمدا ئاچمىدىڭ جامال.

ئاھ، سۆيگۈ چۆلىدە بولدۇم سەرگەردان،
ئاھ، جۇنۇن ھالىمغا يىغلىدى مەجنۇن.
«تاھىرمۇ سەن كەبى ئازابلانمىغان»،
دەپ دەريا - دەريالار كۆتۈردى شاۋقۇن.

نادانلار تىلىدا ئاتالدىم ساراڭ،
بىر لەھزە توختىماي ئوقۇسام ناخشا.
زەر تۆرۈپ سانالدىم سارغايغان خازان،
گۆھىرىم ئۆرۈلدى گوياكى تاشقا.

بىلەمسەن، لېكىنزە، مەن ئىگرىمىدىم،
تۈن قۇچقان كۆزۈمدە سەھەر نامايان.

تاغدا تاش تاتىلاپ چىقتى تىرنىقىم،
قىيا تاش ئۈستىدە گۈل بوپ قالدى قان.

ئاققان قان يېزىپتۇ ئىزىمغا شېئىر،
مۇساپەم بولۇپمۇ تۈگىمەس داستان.
ئاشىقلىق ئەيلەپتۇ مېنىمۇ شائىر،
شېئىر ۋە شائىرلىق ئەمەستۇر ئاسان.

ئاشىقلىق بەخش ئەتتى شائىرلىق ماڭا،
بۇ ھىجرىڭ ئۆمرۈمگە بەرگەن مۇكاپات.
ئاھ، كۆيگەن جىسمىمنى كۆمدى ئوت - لاۋا،
شائىرلىق پەريادقا قوشتى مىڭ پەرياد.

ھە، جىسمىم ئايلاندى ئۆچمەس بىر ئوتقا،
مۇھەببەت يولىغا ياقتىم مىڭ گۈلخان.
ئاشىقلار ئىسسىنار قالغاندا جۇتتا،
مەن تا كۈل بولغۇچە ئوت بېرەي ھامان.

ئۆچۈرمە شۇ ئوتنى،
يانسۇن بىر تۇتاش،
يالقۇنلات! يالقۇندىن ئوت بەر ئىنسانغا.
يۇر! بىزنى چىللايدۇ ئاتەشلىك قۇياش،
نۇر بولۇپ ياغايلى كۆكتىن جاھانغا.

## دەريا

سالام ساڭا ئەي سۈزۈك ئەنھار،
گۈل - چېچەكلىك دەريا ساھىلى.

كۆرمىگىلى بولدى كۆپ يىللار،
خىيالىمدا سەن بار ھەم ھېلى.

ئېسىمدىدۇر ئۇزۇلمەس كۈيۈڭ،
ئۇندا ئاتقان ھاياتلىق تېڭىم.
دولقۇنلىرىڭ ئەللەيلەپ مېنى،
شاۋقۇنۇڭدىن ئويغانغان ئېڭىم.

چىققىنىمدا تۇنجى ئايغىم،
ساھىلىڭدا كۆردۈم ئۆزۈمنى.
تەلپۈنەتتىم ئۆركەشلىرىڭگە،
بۆزغۇنلاردىن ئۈزمەي كۆزۈمنى.

ئەگىشەتتىم ئېقىنلىرىڭغا،
تاشلىناتتىم قايىنامغا بەزەن.
تاش سۈزەتتىم تىرەنلىرىڭدىن،
ئوينىشاتتىم بېلىقلار بىلەن.

يىللار باشلاپ كەلگەن پەسىللەر،
قىلىپ قويدى مېنى خىيالچان.
قوزغالغاندا رومانتىك ھېسلار،
مەن بويۇڭدا ئىدىم ھەرقاچان.

ئوي ئويلايتتىم ساھىلدا تەنھا،
شاش مەۋجىڭدە لەيلىگەندە ئاي.
چاتقاللىقتا يۇرسەم سەگۈي، دەپ،
ئوت سالاتتى كاككۇكلار ئايھاي.

ساڭا سىڭدى ياشلىق سىرلىرىم،
ۋىسال يىراق، ھىجرانلىق دەملەر.
سۆلىرىڭنى رەڭلىدى تامچىپ،
كۆزدىن ئاققان گۈلگۈن شەبنەملەر.

سىرلىرىمنى ساقلاپ سىر پېتى،
يۇشۇردۇڭ سەن سىرلىق قۇملۇققا.
قۇملۇق گۈلزار بولغاندا دەرسەن،
سىرنى بۇلبۇل بىلەن چوغلۇققا.

## ھايات ئىكەن تاۋكا

قىسمەت باشقا تاش تۆكتى،
پېقىر تۇرماي ياش تۆكتى.
ئاشۇ ياشنى يات ئەمەس،
دىل سۆيگەن قاياش تۆكتى.

سۇتتەك يورۇق ئاخشامدا،
بۇلاق ئۆزرە ئاي چىقتى.
چىلەك سالسام سۇزەي دەپ،
سىېسىق پاتقاق لاي چىقتى.

ھايات ئىكەن بىر تاۋكا،
ئوشۇق بولدى ئۇتقىنىم.
گۈلگە سۇنسام قولۇمنى،
تىكەن چىقتى تۇتقىنىم.

جەننەت ئىزلەپ دوزاخنىڭ
تۈۋرىكىگە باغلاندىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ۋىسال تىلەپ ھىجرانىنىڭ
ئوت زىخىدا داغلاندىم.

ھۇزۇرلاندى چۆپقەتلەر،
كۆلگە ئۆچكەن يۈزۈمدىن.
ھىجىيىشتى تېلىقىپ،
ياش ئاختۇرۇپ كۆزۈمدىن.

بوران چىقسا توختاركەن،
يامغۇر ياغسا توختاركەن.
ئالمىشاركەن پەسىللەر،
قىسمەت ئاڭا ئوخشاركەن.

كۆزلەر چۆمدى كۆزۈمگە،
يار كۆزىدە يۈزۈم بار.
گۈللەر سۆيدى لېۋىمگە،
بەختىمدىن بال سۆزۈم بار.

تاش يامغۇرى يارغان باش،
گۈل - چېچەككە كۆمۈلدى.
چىقىپ رىزۋان بېھىشتىن،
تىزلىرىمغا پۈكۈلدى.

## ئاي

بەختىمدەك، بەختىڭدەك قارا كېچىدە
كۆرۈنۈپ، كۆرۈنمەي بۇلۇتلار ئارا،
كۆك ئۆزرە ئۈزىسەن ئي باغرى داغ ئاي،
قەلبىمدەك قەلبىڭمۇ ئىكەندۇق يارا.

ھەر ئاخشام ئۇچرىشىپ مۇڭلۇق بېقىشتۇق،
كۆزلەردە كۆڭۈللەر ئارمانى ئايان.
سېنىڭ سىرلىرىڭنى بىلىمەن، لېكىن
ئۆزۈمنىڭ سىرلىرىنى قىلىمىدىم بايان.

نېمانداق ئوخشايدۇ قىسمەتلىرىمىز،
سەن كۆكتە يىگانە، مەن يەردە تەنها.
يا كەسكەنمىدىكىن بىر ئەندىزىدە،
بۇ بىر جۈپ ئامەتسىز تەلەينى خۇدا؟!

سەن ئۈزۈپ يۈرۈيسەن تۇمانلار ئارا،
ئەتراپقا كۆز تاشلاپ باقىسەن مىسكىن.
ئاداشقان سەيياھتەك سەييارە سەن ئاھ،
دەردىڭنى پىنھانلاپ يۈرسەڭمۇ تەمكىن.

كائىنات بىلمەيدۇ ئۈنسىز يىغاڭنى،
يېشىڭدۇر چىمەنگە تۆكۈلگەن شەبنەم.
ئېتىقاد مۇقەددەس خالىسلىقتىلا،
قەلبىدۇر چىن مەسلەك بىلەن مۆھتەرەم.

ئىككىمىز قىلمىدۇق ھىجراندىن پەرياد،
ھەم نېسى بەختتىن سالمىدۇق داۋراڭ.
سەن تۈننى يورۇتتۇڭ، مەن ياندىم شامدەك،
بىز ئويغاق، ئويغانماي ئوخلىغاندا تاڭ.

سەن كۆكتە ئۈزسەڭمۇ يەردە ئەگەشتىم،
مېھرىڭنى مېھرىمگە چاتتى ئەقىدەڭ.
مەن ئىزھار قىلمىغاچ بىلمەيسەن راھىم،
بولسامدىم بەختىگە بەدەل ـ سەدىقەڭ.

مەن سىنىڭ زېمىندا پارلىغان شولاڭ،
ھەم باردۇ باغرىمدا باغرىڭدىكى داغ.
سەن پاتساڭ بولۇتقا، مەن پۇچىلاندىم،
سەندىنمۇ ئايرىلىپ چىدايمەن قانداق؟!

سەن ئۆركەش چوققىلار ئۈستىگە يەتسەڭ،
تاغلارغا ياماشتىم تىرناقلىرىم قان.
جىرالار كەينىگە تاشلىساڭ نىگاھ،
ھاڭلاردىن غۇلىدىم، تىرىك چىقتى جان.

سازلىقلار قوينىدا پاتقاقلار كەچتىم،
يۇتۇلدۇم، مېھرىڭ كۈچ قۇتۇلدۇم يەنە.
چېھرىڭنى دەريادا كۆرۈپ جان ئاتتىم،
ساق چىقتىم سۆيگۈڭنى قىلىپ تەنتەنە.

## ئەي، ئانىجان

قالايمىقان تولغىسىڭىز دۇتارنى،
ئۇنىڭ مۇڭى، ئاۋازىنى بۇزىسىز.
بۇراۋەرمەڭ بىلمىسىڭىز سازلاشنى،
بىر جۈپ ياڭراق زىل تارنى ئۈزىسىز.

تارسىز دۇتار ئۇنسىز ياغاچ كۆسەيدۇر،
ياڭرىتاي دەپ ئۇرۇپ يۇرمەڭ يېرىلا.
كۇلكە بولار قىلىقىڭىز كۆرگەنگە،
كۆڭلىڭىزگە كۆڭۈلسىزلىك تېرىلار.

ئەي، ئانىجان كېلىن بولدى قىزىڭىز،
قولىقىنى ئوڭ ھەم تەتۈر تولغىماڭ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

«ئالدىم» «تەگدىم» دېدى، كەتتى، بەردىڭىز،
قېشىڭىزغا قالايمىقان چىللىماڭ.

ئۆز ئۆيىدە ئۆز ئىشى بار، بەختى بار،
ئۇ خالىماس مىنۇت دەمنى ۋىسالسىز.
كاللىسىنى ئايلاندۇرماڭ، بولمىسا،
قىزىڭىزغا قىلىسىز كۆپ ئۇۋال سىز.

## بىر شائىرغا

سامادا ئاخىرقى يۇلتۇزلار،
كۆز سالار زېمىنگە مۆڭلىنىپ.
بۇلۇتلار يىغلايدۇ مىسلداپ،
چېچەكلەر كۆكسىگە نەم سىلىپ.

سۇسلاندى سەھەرنىڭ سىياھى،
مەشرىق ياق كەلمەكتە ئاقىرىپ.
تورغايلار ئۆتۈشتى ۋىچىرلاپ،
كەلدى كىم ئۇلارنى چاقىرىپ.

تۆۋەندە يىغلايدۇ بىر ئەنهار،
قورامىلار باغرىغا باش ئۇرۇپ.
سۇغارسام قەبرەڭنى دېگەندەك،
دولقۇنلار تولغىنار يۇلقۇنۇپ.

پەريادلار كۆتۈرگەن خالايىق،
كېلىمىز باش ئۆزرە جىنازا.
يۇرەكنى تىلغايدۇ مۇسىبەت،
يىغلاتتى ھەر كىمنى بۇ ھازا.

ئاھ، ئەنە قەبرىستان، قەبرىلەر،
ئەرۋاھلار سوزىشار بىشىنى.
ئەكەلدۇق ئۇلارنىڭ قىشىغا،
ئارمان گۇل بەرمىگەن كىشىنى.

باشلاندى ئاھ، سىرلىق قىرائەت،
شۇنچىلىك تىترەڭگۇ بۇ نەپەس.
يالۋۇرۇپ تۇپراققا يۈز ياقتۇق:
بۇ سىنىڭ ئۆز ئوغلۇڭ، يات ئەمەس!

ئاھ، مەرھۇم قويۇلدى يەرلىككە،
قالدى ئۇ يەر ئىچرە قىرىق گەز.
زېمىنىنىڭ ئۈستىدە بىز قالدۇق،
دىللارغا كەتتى دەز، كەتتى دەز.

ئۇ كەتتى، بۇ دۇنيا قىپقالدى،
ئۇ كەتتى، ھەسرىتى قىپقالدى.
ھەسەتخور بۇ ئالەم قىپقالدى،
ئۇ كەتتى، ھىممىتى قىپقالدى.

## مىننەت

مىننەتتۇر ھىممەتكە چاچرىغان مەرەز،
گويا ئۇ پاك دىلغا چۈشكەن شۇم ۋابا.
يىرىلماس مۇھەببەت ئۇنىڭ بىلەن دەز،
بۇ خەستە دەردىگە تاپماق تەس داۋا.

تاغلارنى يىرىپ گەر ئەكەلسەڭ زەمزەم،
تەشناغا ئۇزاتساڭ تولدۇرۇپ زەر جام.

دىل قانار، ئالقىشلار ياغار دەممۇ دەم،
خەيرخاھ ئىشىڭدىن بولار شاد ئاۋام.

مېھنەتتىن يورۇيدۇ ئەل ئارا يۈزۈڭ،
ھۆرمىتىڭ ئەزىزلەر بېشىدا ئەزىز.
كۆزلەردىن چىن سۆيگۈ كۆرىدۇ كۆزۈڭ،
ئوبرازىڭ ئېھتىرام تاپىدۇ چەكسىز.

مېھنەتنىڭ مېۋىسىدىن مىننەت كۆيدۈرەر،
مىننەتتىن قۇت جامى ئۆرۈلار تاشقا.
ئۇ، دىللار راھنى قايچىدەك ئۈزەر،
تولدۇرار كۆزلەرنى ھەم ئاچچىق ياشقا.

چىگىلمەس مىننەتتىن ئۈزۈلگەن رىشتە،
ئۇ رەپىق ـ دوستلارنى ئەيلەيدۇ رەقىب.
كۆڭۈللەر قارغىشار ئۈنسىز رەۋىشتە،
ھەم كۆزلەر ئۇچرىشار ئۆچمەنلىك بىقىپ.

ئەجرىڭدىن باغ ياساپ بولدۇرساڭ مېۋە،
ئەل رايى باغلىنار ساڭا تەخىرسىز.
مەدھىيە تامالاپ چاۋاك تىلىمە،
شەنىڭگە كۈيەدەر بۇ ھال ئەي ئەزىز.

خالىسلىق ئۆمۈرنى قىلار مۆھتەرەم،
خالىسلىق بىلەنلا خەير مۇقەددەس.
مىننەتسىز نېمەتكە باغلان مۇستەھكەم،
مۇھەببەت بېشىغا ئالار سىنى دەس!

ھەممەتنى ھېچ كىشى ئالالماس بولاپ،
چىدىساڭ بەر! بەرمە چىدىيالمىساڭ.
بەردىڭمۇ، ھە، يۇرمە باغرىڭ تاتىلاپ،
بەرگەنگە تارتىشماي ئالدىڭغىلا ماڭ!

تەرلىرىم چېكەمدىن چېپىلدىماي تام،
قوللىرىم ھىممەتنى كۆرۈنمەي ئۇزات.
شۇ خۇلۇق ئاتاڭدىن مىراستۇر بالام،
بەرگەندىن سۆز قىلىش ئەر ئۇچۇن ئۇيات.

## دەيدىغاننى دەۋالاي

دىمىسەڭمۇ ئاياندۇركى ئۆزۈمگە،
باردۇر مېنىڭ خېلى نۇرغۇن نۇقسانىم.
ئەيىبىمنى سىلىقۋەرمە يۈزۈمگە،
نۇقسانىمدىن كېچەلمەيمەن يارانىم.

سۇتتە كىرگەن خۇي چىقارمىش ئۆلگەندە،
تەگرىم ماڭا بەرمەپتىكەن سۇكۇنات.
بەلكى ئاللا ئالدىمدىمۇ مەھشەردە
ھەق گېپىمنى دەپ تۇرىمەن مەن ھەيهات.

مۇنكىر - نەكىر بولسۇن ياكى ئەزرائىل،
سۆزلەپ تۇردۇم كۆڭلۈمدىكى گېپىمنى.
ئاقنى قارا دىسە، ئاق! دەپ مەن جاھىل،
چېلىۋەردىم ئۆز پەدەمگە دېپىمنى.

نۇقسانىمدىن تارتتىم تالاي زىيانىنى،
ھالال ھەققىم ھارامخورغا تالاندى.

مەن ئىلمىدىم كۆزگە رىيا جاھاننى،
ئامەت دېگەن قولدا تۇرماس يالاندى.

بەش ئەزايىم، ئۆز جايىدا ئىدراكىم،
مىسنى ئالتۇن، ئىسنى يالقۇن دېمىدىم.
بىر رىتىمدا سوقۇپ كەلدى يۈرىكىم،
ھەق گەپ ئۈچۈن بېشىمدىن غەم يېمىدىم.

«يۈگەنسىز تىل باشقا خەنجەر ئەكېلەر»
چۈنكى، ئاچچىق بولىدۇ-دە، ھەقىقەت.
سۆزلىسەڭ تىل، سۆزلىمىسەڭ دىل كۆيەر،
تىل كۆيسىمۇ دىل كۆيمىسۇن تا ئەبەد.

يۈرىكىمنىڭ شاھىدىدۇر سۆزلىرىم،
ئىشىنىمەن ھالالىقىا ھامىي كۆپ.
«بەندە ئاجىز» ئېيتالمىدى··· سۆزلىدىم،
دىللار تىڭلار گەپلىرىمنى سۆيۈنۈپ.

سۆزۈم چاقماق بولۇپ چۈشەر دىللارغا،
پارلاق شولا ئېتەر روھنى نۇرىستان.
سۆزۈم زۇۋان بېرەر كېكەچ تىللارغا،
يۈرەكلەردە ياندۇرىدۇ ئوت-گۈلخان.

سۆزۈم دەريا، سۈيى ھەۋزى - كەۋسەردۇر،
ئۇ، بۇلغانغان كۆڭۈللەرنى قىلغاي پاك.
سۆزۈم گاھى زەھەرلەرگە زەھەردۇر،
ھەم زەھەرلىك دىلنى ئەتكەي زەخمىناك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

سۆزۈمدىدۇر ھاياتلىقىم دېرىكى،
تىلىم بىلەن پەرقلىق مەن ھايۋاندىن.
ھالاللىقتۇر پېقىرنىڭ چىن تىلىكى،
مەن بىر ئۆمۈر گەپ قىلىمەن ۋىجداندىن.

مەن دېمىدىم چېقىلمىسۇن تاۋىقىم،
ھالال ـ ھارام يەيدىغاننى يەۋالاي.
بەتبەختلە مەڭگۈ ئۇرغاي تايىقىم،
ئەل ـ ئالەمگە دەيدىغاننى دەۋالاي!

## ھاياتنىڭ يولى

تاڭ… ئۇيۇق ھۆسنىدە گىرىم، كۆلەر كۈن،
سېغىنچى ئۆرتىگەن زېمىنگە بېقىپ.
زەررىچىلەر تۆكۈلدى گۈلشەن دىيارغا،
ئاسماندىن يۇلتۇزلار چۈشكەندەك ئېقىپ.
تەبەسسۇم ئەيلىدى قارلىق چوققىلار،
خانتەڭرى ئۈستىدە ئالماس جىلۋىسى.
جاۋاھىر مارجاندەك چۈشەر ئۈزۈلمەي،
تاغ-تاغنىڭ نۇر سۆيگەن شارقىراتمىسى.
گۈلخانىلار لاۋىلدار مەشرىق لېۋىدە،
زەر شولا تۆكمەكتە قۇياش يالقۇنى،
چوققىلار تۇتاشقان زەڭگەر سامادا،
ئەركىلەر تىللا رەڭ بۇلۇت دولقۇنى.
بوستانلار نازغىدۇ مەيىن سابادا،
چېچەكلەر مەغزىدە مەرمەر جۇلاسى.
دەريالار چېھرىدە ۋىلىقلار كۈلكە،

ياپيېشىل قىرغاقتا شەپەق لىباسى.
ئاھۇ كۆز بۇلاقلار مارجان چاچىدۇ،
ۋادىلار تاۋلىنار رەڭدار گىلەمدەك.
بۇلبۇللار كۈيىدە كۈيلىنەر ھايات،
بىر سېزىم روھىمنى كېزەر ئەجەمدەك.
قارىدىم قۇياشقا، ئېھ، مەسۇم بوۋاق،
مېھرىبان ئانىغا تەلمۈرگىنىدەك.
قۇياشمۇ مەڭزىمگە سۆيدى نۇر بىلەن،
ئانىجان ئوغلىغا تەلپۈنگىنىدەك.
ئاھ، قانداق قىممەت - ھە! يورۇقلۇق بىزگە،
يۈرىكىم يالقۇنا جان ئاتقان پەرۋان.
نۇر بىلەن چېكىلگەن ھايات رىشتىسى،
نۇر بىلەن مەۋجۇتتۇر بۇ كۈلئى جاھان.
جۇش ئۇردۇم، تاغلاردىن ياندى خەندانىم،
قۇياشتەك تەلپۈندۈم كۆككە - زېمىنگە.
چۇلغىدى ئىشقىمنى ئانا يەر ئىشقى،
مەن يۈرتنى باغاشلاپ باستىم تېنىمگە.

※ ※

دەرىخا، كەچ كىردى، باشلاندى گۇگۇم،
تاغلارنىڭ كەينىگە غايىب بولدى كۈن.
كۆللىيات بىر - بىرلەپ يوقالدى كۆزىدىن،
پەقەتلا بىر ئۇقۇم قالدى، دېمەك تۈن!

تۈن نىسپى... ئىز قوغلاپ ئۆتمەكتە ۋاقىت،
ئىھ، چولپان! يىرتىلدى تۈننىڭ پەردىسى.
كۆپ ئۆتمەي مۇقەددەس تاغلار كەينىدىن،
ئالتۇن رەڭ نۇر تۆكۈپ قۇياش كەلگۇسى.

# لاچىن قىسسىسى

ھېلىلا ئۇۋىدىن چىققان ياش لاچىن
يۇمران قاناتلىرىنى چىرايلىق قېقىپ.
زۇمرەت رەڭ سامادا كېلەتتى لەرزان،
ھاياتقا زۇقمەنلىك ئىلكىدە بېقىپ.
چاراقلاپ كۆزىدە مەپتۇنكار جىلۋە،
قەلبىدىن تاشاتتى ھەۋەسلەر قايناق.
ئالەمگە باغلىنىپ پاك مېھرى مەھكەم،
ئىپتىخار بەھرىدە ئاقاتتى ئويناق.
ئىھ ئۇنىڭ پەرلىرىدىن سۆيەتتى سابا،
باغلارنىڭ ھىدىنى قۇچاقلاپ كېلىپ.
ئالتۇن شولىسىدا تارايتتى قۇياش،
ئانا ھارارىتىدە باغرىغا ئېلىپ.
ئاق بۇلۇت تۇزۇشۇپ كۆكسىدە تۇشەك،
يىغلىشىپ قالاتتى قاراپ كەينىدىن.
ئاي كۆرگەن بولسا گەر يىرىلامدىكىن؟
قايتمىغاندى ئۇ تۇنكى سەيلىدىن.
ئۇ شۇنداق كېلەتتى غالىب روھ بىلەن،
يىراق - يىراقلارغا تىكىلىپ كۆزىنى.
ئاق قۇلار يول بەرسە بولاتتى ھەيران،
كۇلەتتى كۆللەردىن كۆرۈپ ئۆزىنى.
ئاق تونلۇق چوققىلاردىن ئۆتكەندە ھالقىپ،
سالاملار بىرەتتى ئەيلەپ ئېھتىرام.
يىشىل ۋادىلارغا ھۆرمەتتە بېقىپ،
دەيتتى: ئىھ! ھاياتلىق تۇغۇلغان دالام...
تاڭ ئىدى دۇنيانىڭ گۈزەللىكىدىن،



ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى www.uyghurkitap.com

يۈرىكى ئۈينايتتى شادىمانلىقتىن.
ئىزگۈ خىياللارغا شۇڭغۇغان جانۋار،
نېمىلەر ھېس قىلسۇن قەست-يامانلىقتىن!؟
ئۇ كۆيلەپ كېلەتتى ھاياتنى قانماي،
ئۈۋىدىن ئۈزۈلگەن ئۇنىڭ خىيالى.
كۆڭلىدىن كەچمىگەن جاھاندارچىلىق،
ئالدىغا كەلمىگەن ھايات سوئالى!

ئۇ خۇشال كېلەتتى... ئۆزگەردى جاھان،
كائىنات تۇرمىدى نۇر سۆيگەن پېتى.
يامغۇرلار تۆكۈلدى، قاينىدى بولۇت،
ئاسماننىڭ يىرتىلىپ كەتتى قات - قېتى.
چاقماقلار تاغلارغا ئۇرۇلۇپ قايتىپ،
گۈزەل ئورمانلارنى ئەيلىدى گۈلخان.
دەريالار ۋادىلارغا ئۇيقۇن ئېتىشىپ،
قونغىلى چىقمىدى ئالىقانچە ماكان.
يامغۇرغا قوشۇلۇپ كەتتى ياشلىرى،
بورانلار تاشلارغا سوقتۇرغان چاغدا.
يۇلۇنغان پەرلىرى توزۇدى سەرسان،
بەزىسى سازلاردا، بەزىسى تاغدا.
ئۆتكۈر كۆزلىرىگە پاتتى خىرەلىك،
چىرايلىق تۇمشۇقلىرى زىدە، كۆكسى قان.
ئاھ، يۇمران باغرىدا تىلىم-تىلىم يول،
ئەندىشىلىك باقاتتى تىنەپ ھەر تامان.
چاقماقلار دەھشىتى، بوران زەربىسى...
باشقىدىن تۇغۇردى دۇنياغا ئۇنى!
ئۇ كۆردى دۇنيانى ئۆزگە كۆز بىلەن،

باركەندە كۈندۈزنىڭ كەينىدە تۈنى،
يىغىدىن پەرلەندى يۇلۇنغان قانات،
دوقاللار باغرىنى يىرىپ ئۆتكۈدەك.
نىگاھلار بەرقىدە زۇلمەت چىقىلدى،
بىر پەرۋاز تىگىدە يەتتە قات پەلەك.
ئۇ ئۇچتى ساماۋى سارايلار ئارا،
تەڭرىمگە گەپ - سۆزى باردۇ ئېھتىمال.
كۆزلىرىم ئاسماندا يولىغا قاراپ،
مەن بولدۇم پەلەككە قويۇلغان سوئال.
كۆزۈڭنى كۆكتىن ئال، زېمىنغا قارا،
لاچىنىنىڭ قىسسى مېنىڭ ھېكايەم.
ھايات خىياللارغا خىيال بېرىدۇ،
ئاھ، بەلكى ئۆلۈمدۇر مېنىڭ ھىمايەم.
ياق! مەن تۇغۇلىمەن ھەر كۈنى باشقا،
ئۆلۈمنى ئۈزىتىپ قويدۇم قانچە رەت.
چاقماقلار يالقۇننى باغرىمدىن ئالغىن،
مەن تېخى دانىشمەن سەزمىگەن ھېكمەت!
1980 - ۋە 1990 - يىللار.



# مۇخەممەسلەر

## مۇھەببەت

تالاي شائىر مۇھەببەت بابىدىن كۈي-نەزمە يازغاندۇر،
بۇ كەچمىش تارىخىدىن مىڭلىغان داستان يارالغاندۇر،
نەۋائىي بىر ئۈمۈر گۆھەر قېزىپ ئارماندا يانغاندۇر،
شەپەقتە جىلۋە قىلغان قاي گۈزەلدىن چاچرىغان قاندۇر؟
جىمى جانلىق سەمەندەر كىم، مۇھەببەت مىسلى گۈلخاندۇر.

چىقىپ ئەقلىم قەپەستىن روھ تېغىدا بەر نەزەر ھەردەم،
ئۇپۇقتا باش قوشۇشقاچ كۆك بىلەن يەر، بار ھايات، ئالەم،
ھاياتتا تەختى دەۋرانى راۋان ئالەم ئارا ئادەم،
قاراڭ! ھەربىر يۈرەكتە مىڭ جاھانغا تەڭ مۇھەببەت جەم،
قەلب زور خانىداندۇركى، مۇھەببەت شامى سۇلتاندۇر.

ياراتماققا بەدەننى بۇ زېمىن خاكى راۋا بولمىش،
يارالغان تەن تولا ھىجراندا جانغا مەھلىيا بولمىش،
ئىشقىنىڭ ھالقىسىدا تەن بىلەن جان ئاشنا بولمىش،
دېمەك: تەن، جان بىلەن روھ چىرمىشىپ ئادەم بىنا بولمىش،
جاھانغا بۇ رىۋايەت چىن ھەقىقەتتەك تارالغاندۇر.

ــ كېلىپتۇ جان قەيەردىن؟ بولدى قايدىن بۇ جاھان پەيدا؟!
ــ مۇھەببەتتىن پارلىدى جان! جاھان بولدى شۇئان پەيدا!
جاھان جانانىلار يۇرتى، چوقۇم جانغا جانان پەيدا،
ئەگەر ھەر جانغا جانان بولسا يار جانلىق ھامان پەيدا،
دېمەككى بۇ ھايات دەۋرى مۇھەببەتتىن يارالغاندۇر.

قاچان ئادەم ھاۋاغا سۇندى سۆيگۈ باغىدىن لەيلى،
ھاۋا قاي چاغ لېۋىدە تۇتتى مەينى باغلىنىپ مەيلى،
مۇھەببەت باشلىنىپ شۇندىن بىرى قىلماقتىدۇر سەيلى،
بۇ پۈتمەس سۆيگۈنىڭ ئۆلمەس ھاياتىغا نىمە دەيلى؟!
مۇھەببەت ياش تېخى، تۇپراق جەسەت تولغان گۆرىستاندۇر.

مۇھەببەت بىر ئەزىم دەريا گويا ئۇندا پايان بولماس،
بۇ پاك ھەيۋەت ئېقىن ھالقىپ ئۆلتەلمەس ھېچ داۋان بولماس،
ھاياتقا ئۇ كەبى ئىسسىق مېھرلىك ئاشىيان بولماس،
جاھان تەركى مۇھەببەت بولسا گۆردۇر، ئۇ جاھان بولماس،
قېنى كىم دەيدۇ ئالەم سۆيگۈسىز ياشناپ-ياشارغاندۇر؟!

مۇھەببەت روھ ساماسىدا قۇياشتىن بەر زىيا كۇندۇر،
ئۇنىڭ زەۋقىدە دىل باغى بېھىشتىن ھىسسە گۈلگۇندۇر،
بۇ باغ بەھرى تارامىلار شاۋقۇنىدا ئىزگۈلۈك ئۇندۇر،
مۇھەببەتسىز كۆڭۈل مەشئۇم قىيامەتتىن قارا تۇندۇر،
ھايات راھەتلىكى - شەۋقى مۇھەببەت - مۈلكى ۋىجداندۇر.

مۇھەببەتتىن ئانا باغرىن يىرىپ پەرزەنتنى كەلتۈرگەي،
يۈرەكتىن سۈت بىرىپ تۈنلەر ئارا بىدار ئىتەر ئەللەي،
ئاتا جىسمىنى پەرزەنتى غىمىدە ئەيلىگەي كۆسەي،
بالاغەت دەۋرى جانان لەۋلىرى بەرگەي ئاڭا قۇت-مەي،
جاھاندا چىن مۇھەببەت تائەبەت يېگانە دەۋراندۇر.

قاراڭ، مۇز تاغدا قار قوينىدا كۆلگەن قىپقىزىل گۈلگە،
قۇرام تاشلاردا بىخلاپ كۆكلىگەن كۆكتات نېچۈك ئۆلگە؟
سۆڭەكلەر كەلدى نەدىن قۇم قوچۇپ يۇلغۇنلىغان چۆلگە؟
نېچۈن تىغ چۇشسىمۇ ئۆچمەس باھادىر چېھرىدىن كۈلكە؟
مۇھەببەت! دەپ ئەزىزجان بولسا قۇربان نېمە ئارماندۇر!

مۇھەببەت شامىغا بۇرنىشتە جانىمدىن پىلىك ئالغۇم.
ئۇنىڭ مەۋجىگە نۇر قوشماق ئۈچۈن تەندىن يىلىك ئالغۇم،
بولۇپ بىر شولا كارۋان تۈن سىياھىدىن كېچىك ئالغۇم،
ھاياتقا يادلىنارغا ئەل-دىيارىمدىن پۈتۈك ئالغۇم،
مېنىڭ بۇ يازغىنىمنى رەڭ دېمەڭ، ئۇ پاكى-پاك قاندۇر!

## شائىرلىقىم - شەيدالىقىم

شېئىردۇر سۆيگۈنۇم، كۆڭلۈم گۈلىنىڭ سەرۋىرى بىلسەڭ،
جېنىم رىشتىگە باغلانغان ھاياتىم دىلبىرى بىلسەڭ،
تېپىلماس ئىككى دۇنيادا ئۇنىڭدەك ئۇز پەرى بىلسەڭ،
مۇھەببەت ئالەمىدە مەن ئەبەدلىك ئەسىرى بىلسەڭ،
نەۋائىي بولسا مىڭ خەمسە پۈتەتتى تەسۋىرى بىلسەڭ.

ئېچىپ ۋاراقلىسام قىسسە - مۇھەببەتنامىلەرنى گەر،
جۇنۇن... مەجنۇن باياۋاندا تۆكۈپ يېشىنى سەل ئەيلەر،
زېمىندا قالمىدى ئاشىق قەدەم - ئىز باسمىغان ھېچ يەر،
مېنىڭ سەۋدالىقىمنى كۆرسە مەجنۇن ئاھ، نېچۈك ئوت؟! دەر،
بۇ شەيدالىق ماڭا ھەمراھ تۆرەلگەندىن بېرى بىلسەڭ.

بۇ ئۆلمەس ئاشنالىق پاك دىلىمغا قان بىلەن سىڭگەن،
ئاشۇ ھەر تامچە قانىنىڭ بەھرىگە ئىشقى ۋەتەن سىڭگەن،

بىھىش ئەنداز ماكانغا مەردۇ مەردان، گۈل بەدەن سىڭگەن،
تۈمەن ئىزگۈ تىلەك سىڭگەن قەلبىلەر ئىچرە مەن سىڭگەن،
تىلىم ئەلنىڭ خىتابى - كۈلكىسى ھەم خەنجىرى بىلسەك.

ئەمەس بۇ سۆيگۈ خان ئايىمغا مۇشتاقلىقچە خۇشتارلىق،
ئەمەستۇر مەنزىلى جۇپ كىپىنەك پەرۋانە گۈلزارلىق،
ئەمەستۇر ۋەجى شۆھرەت ياكى شاھلىق ياكى پۇلدارلىق،
بۇ قالتىس سۆيگۈدۇر كىم ھەسرىتى كۆپ، ھەسرىتى تاتلىق،
خاتا! مۇتلەق خاتا، شائىرنى مەدداھلىق پىرى بىلسەك،

شېئىرنىڭ ئىشقى جىسمىمدىن كۆرە بۇ جان بىلەن جانداش،
ئۇنىڭ ھەر ئاتىشى ھەر تال ھۈجەيرە، قان بىلەن جانداش،
ئۇنىڭ راھى، جۇلاسى - نەرخ - پاك ۋىجدان بىلەن جانداش،
ئۇنىڭ ئىستەك ناۋاسى بىرىيا ئىما بىلەن جانداش،
ئۇنىڭ مەۋجى پەسەيمەس، بەلكى ئاشقاي دەمسىرى بىلسەك،

بوغۇم، ھەر تال تۇپراق، ئۇرغا، ۋەزىن، ئۇندەش ئارا مەن بار،
دىمىمنى «ئۇھ» قا يەتكۈزگەن سوراق ھەم پەش ئارا مەن بار،
ناۋا خەندانغا تولغان شادىمان كۈيلەش ئارا مەن بار،
ھەرىپلەر دادۇ پەريادلىق ئەلەمزار - غەش ئارا مەن بار،
شېئىردىن بالقىغان كۈي روھىي جانىمنىڭ نۇرى بىلسەك.

ئەجەب ئاشىق ئىرۇرمەن، تەنلىرىم دەريا، شاراب ئاققاي،
بۇ دەريا ئۆزرە دەريا مەۋجى-كۈي! يۈز مىڭ راۋاپ ئاققاي،
بۇ ھەيران بولمىسا پىنھان جاھاندا ئىنزىراپ ئاققاي،
قاچان كىم قۇچسا بۇ كۈي كۆكنى يۇلتۇزلار شۇ تاپ ئاققاي،
مۇنەججىملەرنى لال ئەيلەيدۇ ئاشىقلىق سىرى بىلسەك،

تىرىكتاپ، تەرك مۇھەببەتلەر مېنى بەلكى ساراڭ، دەيدۇ،
مېنىڭ «ئاھ» ـ «ئۇھ»لىرىم، شەيدا كۆيۈمنى يوق پاراڭ، دەيدۇ،
لېكىن، ئاقىل: سېزەرمەن سۆزلىرىڭدىن بەرقى تاڭ، دەيدۇ،
هايات: بىهوشلۇقۇمدىن ئۈيغۇتۇرلەر بۇ ئاهاڭ، دەيدۇ،
ماڭا نۆلدۇر تۇمەن تەنە ـ چاۋاكلار تەسىرى بىلسەك.

مېنىڭ شەيدالىقىم شەيدا ماڭا ھەم مەن ئاڭا شەيدا،
هايات شەۋقىم ئۇچەر شەيدالىقىمسىز، مەن نېچۈك پەيدا؟
مېنى تاپماقچى بولساڭ، بار! مۇھەببەت ياشنىسا قايدا،
ياشارمەن يەردە، كۆكتە، ئوتتا، سۇدا ھەمدە كۈن ـ ئايدا،
شېئىر جانىم، ئىمانىم، روھ ۋە ۋىجدان گۆھىرى بىلسەك.

## يىللار سوۋغىسى

قولۇمدا بىر ساقال قىرغۇچ، دىلىمدا بىهېساب ھەسرەت،
يۈرەكنى ئۆرتىمەكتە بىتىنىم، بەرمەي ئارام پۇرقەت،
يېزىپتۇ ئالمىدەك مەڭزىمگە يىللار سوۋغىسىدىن خەت،
قاراڭ، ماڭلايلىرىمغا تولدى قورۇقلا ئىزى رەت-رەت،
ئۇنى قانداقمۇ دەي ھۆسنىمگە قاملاشقان گۈزەل زىننەت؟!

هاياتكەن توختىماس دەريا، ئاقاركەن ئارقىغا باقماي،
نە چارە ھەر كىشىگە شۇ ئەزىم دەريادا بىر ئاقماي،
قۇرۇپ ئويناق ئېقىن ئاخىر قالاركەن ئورنى شورتاڭ ساي،
قاقاس باغرىدا ئاۋۇن كەزسە چاڭقاق ئاڭا ئالدانغاي،
هايات ھەققىدە ئويلانغانسېرىم ئىلكىمدە يوق تاقەت.

ئېسىمدە مېھرىبانىم جان ئانام ئەتكەنلىرى ئەللەي،
ئۇ چاغ كۆڭلۈمدە دۇنيا قايغۇسى يوق، نەدىمۇ غەم يەي،

www.uyghurkitap.com

بۇ كاج قىسمەت ھايات كەچمىشلىرىنى نە دىلىم بىلگەي؟!
ساقال مەڭزىمگە ياماشتى، بىلىم ئالەمنى ئۆلگۈرمەي
ئىسسىت، ئۆتكەن نەپەسلەر ۋەزنى ئالتۇندىن ئىكەن قىممەت.

خىيال قىلسام كىلەر ئالدىمغا مۇكچەيگەن زاۋال ۋاقتىم،
مادارسىز تەن، كۆزۈم ئۆچكەن، ئەقىل ھالسىز، ئۇسال ۋاقتىم،
بىلىم دوڭغاق، ئىغىز ماكماك، كۆڭۈل چاك، ئاقساقال ۋاقتىم،
ئەجەل ئۆمرۈمگە قول سوزغان ئاداقى بىئامال ۋاقتىم،
ھايات بەرمەيدۇ ئۇ چاغ تاغچە زەرگە لەھزىچە پۇرسەت.

ئۇ چاغ مۇمكىن ئەمەس ئۆمرۈم بىتىگە قايتا خەت چەكمەك،
ھايات نەرخىمنى ئالەم تاسقىغاي گويا بولۇپ ئەلگەك،
تاپالماي ئۆچسە بىر ئۆتكۈنچە يامغۇر قىممىتىدىن ئىستەك،
يوقالسام بۇ گۈزەل ئىنسانى ئالەمدىن تۈتەك-ئىستەك،
شىھىتلارغا قاراشقا قاي يۈزۈم؟ كىم دەيدۇ: كەل ئۈممەت! ؟

گۆدەك پەسلىم تۇرۇپتۇ خاتىرەمدە خۇددى ئاخشامدەك،
گويا بىر ئاش پىشىم ئاۋۋال ئوقۇلغان ياخشى ناخشامدەك،
لېكىن، ئۆمرۈم يورۇق بەرمەي يىپىرىملاشقان ناچار شامدەك،
بۇ ھالدىن يۈتتى ۋەسلىمنى پىغانلار قەھرى قايىنامدەك،
بولامدۇ مەنىسىز ئۆتكەن ھايات دەردى كەبى بىر دەرد؟!

نە ھاجەت ياش تۆكۈپ مۇنچە؟ ئەلەم ئۆزرە ئەلەم قىلماي،
«پۇشايماندىن تېپىلماس پايدا» دەپتۇ، مۇڭنى جەم قىلماي،
«ھايات باقىي ئەمەس» ، باقىي بولاي — ھىممەتنى كەم قىلماي،
ئەزىزلەيدۇ مېنى كىم ئۆز - ئۆزۈمنى مۆھتەرەم قىلماي،
ئۆلۈپ كەتسەممۇ روھىم ئۆلمىگەي خەلقىم دىسە رەھمەت!

# ئاتا

ئاتا! سەن چىن مۇرەببىم، ھىممىتىم، بەختىم، ئارامىم سەن،
غۇرۇرۇم، نۇسرىتىم، پەخرىم كۆكىدە شەمئى ماھىم سەن،
دىلىمنىڭ تەختىگاھى ئۆزرە ھەم يېگانە شاھىم سەن،
قۇياشتەك جازىبىكار مەنزىل ئارا يول باشچى - داھىم سەن،
ماڭا يوق سەن كەبى غەمخان، ئۆزۈڭ پۇشتىپاناھىم سەن.

ئاقاردى باشلىرىڭ ئاھ! سەرۋىدەك قەددىڭمۇ «يا» بولدى،
گويا ئاق ئالمىدەك رەڭگىڭ ئۆچۈپ سۇس كەھرىۋا بولدى،
سۈزۈك تاڭ چولپىنىدەك جۇپ كۆزۈڭ ھەي، كەم زىيا بولدى،
ئۆمۈر باغىڭدا كەچ كۈز، قار - قىرو، گۈل - غۇنچىلار سولدى،
لېكىن، روھىڭ تېمەن، قەلبىڭ باھاردەك نەۋقىرانىم سەن.

قاچاندۇر جان ئانامنىڭ باغرىدا تۇنجى مېنى سەزدىڭ،
چىگىلدى جان يىپىڭ رىشتىمگە مەھكەم، بارچىدىن تەزدىڭ،
ئۆزۈم دۇنياغا كۆز ئاچماي تۇرۇپ بەختىم ئۇچۇن كەزدىڭ،
مۇشەققەت يىگىنىسىدىن سەن ئۆزۈڭنى قانچە ئۆتكۈزدۈڭ،
ھايات قەسرىمنى يورۇق ئەيلىگەن نۇرانە شامىم سەن.

ئانام باغرىدا ياتسام تىڭلىدىڭ يېقىپ قۇلاقىڭنى،
دىلىڭ كۆردى بىلىقتەك شاش ۋە ئويناق بوتىلاقىڭنى،
چېچەكلەپ ئېچىلغان باغچىدا گۈل ئۆمرى باغىڭنى،
بەخت پەرۋانىسى سۆيدى كېلىپ يالقۇن - چىراغىڭنى،
دېدىڭ پۇتمەس خۇشاللىقتا: ھاياتىم سەن، خۇرامىم سەن.

ساناپ سەن ئاي - كۈنۈمنى، بەك تەقەززا ئىزلىدىڭ دىدار،
بولۇپ ۋەسلىمگە مۇشتاق، ئىنتىزار، سەۋرىڭ پۇتۇپ زىنھار،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئانامنىڭ زۇلپىنى ھىدلاپ دېدىڭ: تېزرەك تۇغما يىلدار،
مىجەزى خۇددى مەندەك، گۈل چىراي ساڭىلا ئوخشار،
بالامنى ساق - ئېسەن ئالەمگە كۆز ئاچقۇز خۇدايىم سەن.

ئۆتۈپ چاغ، پەيت كېلىپ بولدۇم تەۋەللۇت، خۇددى گۆش مۇشتەك،
كۆزۈمدە كۆك پاچاق، بېشىم كېپەك، يىغلاشلىرىم پۇشتەك،
كۇسۇلداپ بەزىلەر دەر: تووۋا! ۋىيىەي، بۇ نېمە چۇشتەك،
لېكىن، سۆيدۈڭ مېنى سەن باجىكىسىغا تويمىغان قۇشتەك،
ئۆزۈڭ قايتا تۇغۇلغاندەك دېدىڭ: جانىمغا جانىم سەن.

مېنىڭ دەم شادلىقىمنى مىڭ جاپا - ئەجرىڭگە كەلتۈردۈڭ،
يۆگۈزلاپ چاچلىرىڭنى ھەرنى ئۇرسام رەنجىمەي كۈلدۈڭ،
ماڭا ئات بول! دېسەممۇ، خوپ! دېدىڭ، بويىنۇڭغا مىندۈردۈڭ،
بالام! دەپ ھەر دەقىق باغرىڭنى غەم - تەشۋىشتە كۆيدۈردۈڭ،
گويا مېھرىڭ تومۇردا قان - قېنىم، دىلدا ئىمانىم سەن.

پاراسەتتىن خەزىنەمگە تۆكۈپ سەن ئۈنچە - گۆھەر، نۇر،
نەقىش قىلدىڭ دىلىمغا چىن ھايات مەناسىدىن دەستۇر،
دېدىڭ: ئەل - يۇرتقا ھەق يول ئاچ، كۈرەش، ھېچ ئەگمە باش، دەس تۇر!
كىشى كىم جان تەسەددۇق قىلسا ئەل - قوۋمىگە، ئۆلمەستۇر،
سىڭىردىڭ دىلغا پەزلىڭنى قەدىردان ئاتىجانىم سەن.

ئىستىكىم، ئەل باھارى ئالمىشىپ بىر چاغ جۇدۇن - جۇتقا،
جاھالەت دىۋىسى ئەركىڭگە ئۆتكۈزدى چۇلۇك - نۇقتا،
چۇشەلدى پۇت - قولۇڭ زەنجىردە، بويىنۇڭدا قارا تاختا،
جېنىم ئۆرتەندى گويا گۆركىرەپ كۆيگەن كەبى پاختا،
قۇيۇنتاز ئىچرە قالدىڭ كۆپ زامان ئاھ، مېھرىبانىم سەن.

قاباھەت چۈش ھامان چۈشتۈر، ئەنە كەلمەكتە كۈن پارلاق،
لېكىن، كەتكەن ئۆمۈرنى قايتۇرۇشقا چارە بار قانداق؟
ئېتىلغان ئوق، ئېقىن دەريا ئۇچۈن مۇمكىن ئەمەس قايتماق،
شۇڭا، روھىمنى بىدار ئەتتى تەقدىرىڭ بولۇپ چاقماق،
ھايات قىسمەتلىرىڭدە مىڭ يەكۈن، ئۆچمەس كىتابىم سەن.

سېنىڭدىن يەتتە ياش قالغان، يىگىت بولدى بالاڭ ئەمدى،
تارالغاي ئەلگە ئەجرىم ئاسمىنىمدىن بەرقى تاڭ ئەمدى،
پەخىرلەن! ئال ئۇنى مېھرىڭگە ھەم باغرىڭ تاڭ! ئەمدى،
ئۇنۇت ئۇ دەۋرى دۇزاخنى، قۇرايلى خۇش پاراڭ ئەمدى،
قونايلى نۇر - شەپەقنىڭ كۆكسىگە، بول رەھنىمايىم سەن.

## گۈل نىھال ــ غەمخان ئايال

توردۇ سۈبھىدە شائىر تاڭ كۈتۈپ ئويغاق خىيال،
ئۆپىدۇ چېھرىنى تاتلىق نۇر سۆيۈپ كەلگەن شامال،
ئۇ ئۆزى كىمدۇر دېسەڭ، ئويچان يىگىت روھى زىلال،
پاھ، سەھەر پەيتىدە پەيزىم تۇتتى، دەردۇ غەم قوقال!
كېلىدۇ ئەڭنى شەپەقتىن گۈل تۆكۈپ ساھىبجامال.

كېلىدۇ كۈلگۈن زىناق، كۈندەك لاتاپەت چېھرى بار،
تاغ سۈپەت ئەر قەدرىنى ياپراق ئېتەرگە سېھرى بار،
جان ئارام، شېرىن كالام، ئالىي مۇقام، پاك مېھرى بار،
دەم جۇدالىق دەردى گۈلخاندەك ئۇلۇغ ئوت - ھىجرى بار،
ئۇ ئۆزى كىمدۇر دېسەڭ، جانانە يار ـ غەمخان ئايال.

ئۇ ئۆزى ئەلنىڭ قىزى يا ھەممىمىزنىڭ ئانىسى،
يا ساداقەت رىشتى جانغا ئورنىغان جانانىسى،

www.uyghurkitap.com

ساپ ۋاپا، شەرمى ـ ھايا، زېھنى زىيا پەرۋانىسى،
شاد ـ كۈشادلىق، دىلغا دەرمان، چىن بەخت پەيمانىسى،
تەلمۈرۈپ تورغان كىيىكتەك كۆزلىرى، قېشى ھىلال.

ئۇ ئۆزى گۈل ئۆزرە گۈل، ئوتلۇق ئايال، غەمخان ئانا،
قەدرىسىز تاش پوشتىنى بوينىغا سالسا تۇتىيا،
قويغىنە، ئۇ ھۆر ـ غىلمان نەدە ئۈنچە دىلرەبا؟
ھۆسنىدىن ۋەسپىنى مىڭ پەللەم تۆۋەن قىلغان خۇدا...
مىڭلىغان شائىر ـ تۈمەن دەريادا غەۋۋاس، بولدى لال.

مۆڭلىنىپ كىرسەڭ، يېشىڭنى سۈرتىدۇ ئىللىق قولى،
شادلىنىپ كۈلسەڭ، ئۇ بولغايكىم چىمەننىڭ بۇلبۇلى،
گۈل چېكەر شەۋقى ھۇزۇرۇڭغا ھاياتلىق سۇمبۇلى،
لەۋزى ـ راھىتىنى بىجا قىلماق ئۈچۈن بار مەشغۇلى،
جانغا راھەت دەم بېغىشلاپ تىلىدىن تامچىيدۇ بال.

سايىۋەن ئاپتاپ ـ تومۇزدا، تۈنلىرى ئۆيىنىڭ ئېيى،
روھى ئەجدادىدىن زىيا ئەۋلاد دىلىغا ئەللىيى،
مېھرىدە قايىنايدۇ ھەتتا ھەر تائام، ئوتلام چېيى،
قەلبىدە قەلبىڭ باھاسىز خاھ گاداي بول، خاھ بېيى،
ئۇ مۇلايىم، چىن قانائەت، مېھرىبان، يۇمران نىھال.

جان ـ جېنىڭ خەندان ئۇرار جان دىلرەبا كۈلگەندە بىر،
روھى شامىڭ نۇرلىنار پەرۋانە ئۆرگەلگەندە بىر،
ئالغۇدەك تاغلارنى دەس جىسمىڭدا كۈچ سۆيگەندە بىر،
دەرد خالاس بولغاي مۇھەببەت پەيزىنى سۈرگەندە بىر،
ئاھ، بۇ دۇنيانىڭ ئازارىدىن ئازاد قىلغان ۋىسال.

پاختىزاردا ئاق بۇلۇتنى كۆك بويى دۇۋىلەپ ئېگىز،
ئومىدا ئورغاق سۇرۇپ يۇرسە ياياق، دەسسەپ ئېگىز،
بىر قاراشتا رەڭمۇرەڭ گۈللەرگە پۇركەلگەن ئېتىز،
خۇددى كۆكتىن گۈل تۆكۈلگەن چايقىلىپ تۇرغان دېڭىز،
قەلبىڭىزگە جەزبىدارلىق قارىتقى زەۋقى سوئال.

جانغا جان بولغاچ ئانا، يار ئەر بىلەن دەۋران كۆلەر،
مېھرىدىن جانۇ جاھان ھەم زېھنىدىن ئېرپان كۆلەر،
خولقىدىن ئەلكۆن، جامائەت، داستىخان، مېھمان كۆلەر،
ئەجرىدىن كۆكلەپ - ئۆسۈپ پەرزەنت قىز-ئوغلان كۆلەر،
ئەقلىدىن شەربەت ئىمىپ ئەۋلاد - نەسىل تاپقاي كامال.

ئانا! دەپ تىلغانسا تەن يەر ئۆزرە ئاققان قان كۆلەر،
جان كۆلەر، ئارمان كۆلەر، ئىمان كۆلەر، ئىمكان كۆلەر،
يار ئۇچۇن ئۆرتەنسە، تۇنلەر تاڭ قۇچۇپ گۈلخان كۆلەر،
جىسمىدىن گۈل، روھىدىن بۇلبۇل قوپۇپ خەندان كۆلەر،
دەرد - ئەجەل ئەھلى ۋاپا مەردلەرنى كۆرسە بىئامال.

## ۋەتەن مۇھەببىتى

ئۇلۇغلايمەن جېنىمدىن ئەتىۋارلاپ سەن دىيارىمنى،
بېغىشلايمەن باھارلار مەھلىيا بولغان باھارىمنى،
قۇچاقلايمەن بوۋاقتەك سەن ئانا يەر - غەمگۇزارىمنى،
ئىدىم باغرىڭغا مېھرىمدىن ئېقىتسام قانچە تارىمنى،
قېنىمدىن رەڭ بېرىپ قىلسام شەپەقگۇن لالەزارىمنى.

چىقىپ خانتەڭرىگە ھەر تاڭ قۇياشقا يانمۇ يان باقسام،
تارامىلاپ نۇرسىمان تاغ كۆكسىدىن كەڭ ۋادىغا ئاقسام،

سىياھ ھاۋالار ئىچىدىن بالقىتىپ يورۇق چىراغ ياقسام،
بولۇپ بەختىنگگە شائىر ساليوتىڭغا كۆكتە ئوت چاقسام،
ئۆمۈر بەخشەندە قىلغايمۇ مۇرادقا ئىنتىزارىمنى.

«توپاڭ ساپ زەر، سۈيۈڭ كەۋسەر، تېشىڭ گۆھەر» دېدى كۆپلەر،
بۇ گەپلەر ياندۇرالغايمۇ قەسىدەڭ كۆكىدە ئەختەر؟!
نېمىشقا مەن بولۇپ زەرگەر توپاڭنى ئەيلىمەيمەن زەر؟!
نېمىشقا مەن قۇرۇق ماختاپ، ساڭا بەرمەي، دېگەيمەن بەر؟!
جۇدۇن سوققان كەبى چاققاي خىجىللىق يۈز ـ ئۇزارىمنى.

ئۇپۇق ئەمگەكچە قان رەڭگى تېنىڭدىن سۆيدى تاڭ بىزنى،
ھايات بەھرىگە قاندۇردى ئىلاھى پاك توپاڭ بىزنى،
بۆلەپ مېھرىڭگە دەريا ئەتتى ئەللەي خۇش ئاھاڭ بىزنى،
ئۇچۇرما قىلدى سوقتۇرماي بېقىپ ئىسسىق ئۇۋاڭ بىزنى،
ياراتماق ئەركىنى بەردىڭ ئۆزۈمگە ئەتىۋارىمنى.

قىلىپ ئادەم، بېغىشلاپ كۈچ، ئەقىل ـ ئۆتكۈر زېھىن بەردىڭ،
تامام گۈللەرگە پۈركەنگەن گۈزەل مۇنبەت زېمىن بەردىڭ،
ئۇزۇلمەس، قوينى گۆھەر تاشقا تولغان پاك ئېقىن بەردىڭ،
باھاردەك سۆيگۈ، گۈلدۈرمامىدەك قەھرى چېقىن بەردىڭ،
بوۋاملار ئەقلىدىن يايدىڭ جاھانغا ئىپتىخارىمنى.

ئۆزۈمنى ئوتتا مىڭ تاۋلاپ بولارمەن قايتا چىن ئەركى،
قۇرۇق ماختاش، تەمە ھەم ئىلتىجادىن مەن تامام تەركى،
ياراتقاي بەختىنى ھەر كىم ئاماكىم ئىلكىدە ئەركى!
ئەگەر باغ بولسا پەرۋىشلىك تولار كەۋسەرگە گۈل بەرگى،
دىيارىم شادلىنارمەن مەيدە كۆلدۈرسەم نىگارىمنى.

بوۋاملار نامىنى ياستۇق قىلىپ ياتماق نومۇس ئەمدى،
دۇئاگۇيلارنى كۆرمەيدۇ زامان زېھنى دۇرۇس ئەمدى،
ئۇچۇرماقلىق كېرەك ھەر كىم ئەقىلدىن قەقنۇس ئەمدى،
ھايات بەرگەن ۋەتەننى گۈل يوپۇقلاپ راۋۇرۇس ئەمدى،
يىلىكتىن شام ساياپ قۇتلاش پەرزدۇر جان دىيارىمنى.

## يېڭى يىل — يېڭى ھايات

ھارپا كەچ، ياڭراپ قەدەھ، قىلدى بەخت كۆزلەرنى نەم،
كۆلدى دىل خەندان ئۇرۇپ، روھىمدا ئۇن بەردى ئەجەم،
پاھ ۋىسال پەيزىدە لەۋلەر ئۆزرە بەلكى ئۆزگە تەم،
مەن بىدار تۇن قوينىدا يۇردۇم يېگانە غەم سەنەم،
ئۆتتى بۇ تۇن خۇددى مىڭ يىلدەك، مانا بۇ سۆھبى دەم.

كەتتى تارقاپ تەڭرى تاغنىڭ باغرىدىن تۇمان مانا،
چىقتى پىنھاندىن بېشىدا ئاق رومال بۇغدا ئانا،
ئەسسالام! دەپ تۇردى پامىر ئۈستىدە مۇز تاغ ئاتا،
كۆلدى مەشرىق ئاسمىنىدا بىر زىبا يۇز دىلرەبا،
چەكتى تاغلار ئۈستىگە بۇ ھۆر ئاجايىپ زەر قەلەم.

خۇش قوبۇل ئەيلەڭ قولۇم كۆكسۇمدە يالقۇنلۇق سالام،
ئېھ، مېنىڭ نەسلىم تۇغۇلغان ھەم كىرىپ ياتقان دالام،
ئەسسالام قۇۋمى - قېرىنداش، يارى - دوست، ئاتا - ئانام،
روھىي پاك ئەجدادلىرىم پەزلى سۆيۈندۈرگەن بالام،
سىزگە قۇتلۇقلۇق تىلەپ بولسۇن تامامى مۆھتەرەم.

كەتتى ئاخشام خوشلىشىپ شاندىن بېزەنگەن كونا يىل،
كۆر، ئۇنىڭ تارىخىنى ئالتۇن بىلەن يازدىم ئېسىل،

ۋە لېكىن تۆھپەم ئۇمىد ئالدىدا پەس، كۆڭلۈم خىجىل،
ئەمدى قانداقراق ياشاشقا رەھنىما بول ئەي ئەقىل،
يېڭى يىل - يېڭى ھايات، يېڭى كۈرەش، يېڭى قەدەم.

تولدى بۇ تاڭدا زەپەر زەۋقىدە دىل نۇرغا پەۋەس،
ھەر تومۇر قان قەترىسىدە بىر غەيۇرلۇق تۇردى دەس،
دىت - ئەقىل تىغدۇر مىسال تۇرساڭ بىلەيلەپ دات يېمەس،
قەدرى زەر تاغكەن گويا ئادەمگە ھەردەم، ھەر نەپەس،
چىن ھايات مەناسىنى ئىزلەپ مىجىقلاندى چېكەم.

مەن نېچۈك كەلدىم جاھانغا ۋە نېچۈك كەتمەك كېرەك؟!
ئەمدىكى قالغان ئۆمۈردە نېمىلەر ئەتمەك كېرەك؟!
نېمە ئۇ مەندە ياشاشتىن ئىزلىگەن ئارزۇ - تىلەك؟!
بۇ سوئاللار قىستى روھىمنى ئەجەب ئىسكەنجىدەك،
تىكلىيەلەيمەنمۇ، يوق ئەرش ئۆزرە شاندىن تۇغ - ئەلەم.

تاشلىسام تارىخقا كۆز دانىش بوۋاملارنىڭ ئىزى،
لەك-تۈمەن قۇرلاردا نۇرلانغان پاراسەت يۇلتۇزى،
ئويلىسام كەلمىشنى ھازىرغا باقار ئەۋلاد كۆزى،
بولمىسۇن خەق ئالدىدا ھەرگىزمۇ پەس نەۋرەم يۈزى،
كەل، بۇ ئارزۇيۇمغا ئورتاقلاش ئەبەد ئەي گۈل سەنەم.

يېڭى يىلدىن ئىپتىدا ئەيلەپ يېڭىچە يول ئېلىپ،
شۇ ئىجادكار بوۋىلارنىڭ روھىنى دىلغا تېڭىپ،
ئېلىۋېتىپ پەي تارىنى، سازىمغا ئالتۇن تار سېلىپ،
ئەر سانالماي، مەرغۇلۇم بىرلەن كۆڭۈللەرگە سىڭىپ،
كۆيخۇمار مىليون يۈرەكلەر بەھرىنى تەۋرەتمىسەم.

ئاقىۋەت ناخشامنى مەن كۈن ئۈستىدە ياڭراتمىسام،
تەكتى ئوكياندا بېلىقلارنى ئۈسسۈل ئويناتمىسام،
شۆھرىتىمنى يەتتە ئىقلىم ئىچرە كەڭ تارقاتمىسام،
ئىپتىخارىمدىن ئانا خەلقىمنى خوپ يايراتمىسام،
بەس، ئۆچۈر نامىمنى دەپتەردىن زاماندىش، بۇ قەسەم!

## ئەسسالام خوتەن

ئەسسالام! كەلدىم خوتەن، كەلدى بالاڭ مۇڭداشقىلى،
ئەۋجى شاش دەريا يۈرۈڭقاش بەھرىدە ئويناشقىلى،
قاقىرام ئاپتاپ يېگەن چۆللەرگە دەۋرەپ تاشقىلى،
جۇشلىنىپ، ئاي چايقىتىپ باغلاردا ئويناقلاشقىلى،
غايە - بەختىڭ، شاد - خۇرامىڭ ئۆزرە ئۇرتاقلاشقىلى.

مەن سەپەر چەككەندە سەندىن نوتىغۇ؟ جىسمىم سۈتۈن،
تەن قىيامغا تولمىغان، ئەر بولمىغان تېخى پۈتۈن،
ئوت، پىراق - ھىجرىڭدە ئون ئۈچ يىلدا يۈتتۈم مىڭ تۈتۈن،
ئالمىدەك مەڭزىمگە قۇرۇق سەپتۇرۇپ كەلسەم بۈگۈن،
تونىماي قالساڭ ماڭا دەرد بارمۇ ئۇندىن ئاشقىلى؟!

ئىپتىخار دۇنياسىنىڭ سۇلتانى — ۋەسپى يۇرت ئىرۇر،
مەن خوتەن ئوغلى دېدىم، تاپتىم خورام، سەزدىم غۇرۇر،
قاشتېشى ئاققان سۆيۈگىدىن ھېسلىرىم يۈتتى ھۇزۇر،
ھەر شەپەق سەندىن چىقىپ قەلبىمگە چەگدى رىشتە - نۇر،
باردى روھىم ئاي بىلەن ھۆسنىڭدە تەڭ چاقناشقىلى.

پاك توپاڭدۇر پاك تېنىم، ئەجداد ھىدىدۇر جان - دېمىم،
پاك سۈيۈڭدە پاك ئىرىغلانغان بوۋاق مەن شۇ ئىدىم،

ئاھ قۇچۇپ سۇ بويىدا جىسمىڭغا سىڭگەن پاك ھىدىم،
بىر بېشىمغا قانچە سەۋدالار كېلەر بىلمەس ئىدىم،
بۇ جاھان غۇۋغاسىدىن نە چارە بار ئاجراشقىلى؟

بۇ ھاياتلىق تەخسىم ئەتمىشكەن مۇساپىرلىق ماڭا،
ياشلىرىم ھىجرىڭدە دەريا، ئۇندا تاھىرلىق ماڭا،
بىر قىياس ھۆسنىڭچە يوق ھۆر - چېھرى نادىرلىق ماڭا،
پۇرقىتىڭ قەلبىمنى تاۋلاپ بەردى شائىرلىق ماڭا،
بارمۇ ھىجراندەك ئوچاق ئالتۇن كەبى پاكلاشقىلى؟!

ئۆتتى نەۋ پەسلىم يىراق يۇرتتا غازاڭدەك ئايلىنىپ،
نەچچە ئون تونۇردا پىشتىم، يۇزچە داشتا قاينىلىپ،
قالدى ئوغلۇڭ ساق، تالاي تەقدىر چىشىدا چاينىلىپ،
كەسكۇدەك ئالماسنىمۇ قالدىم قىلىچقا ئايلىنىپ،
ئاھ، مانا كەلدىم، ئۇلۇغ روھىڭدا روھ چاقلاشقىلى.

تا ئەزەلدىن بىرنى بىر دەيسەن جېنىم، ئەي «جاھىلىم»،
مەيلى شۇ جاھىللىقىڭدا سۇنسا، قايرىلسا بېلىم،
بولمىغانسەن ھېچقاچان، ھېچ چاغ يامانلارغا ھېلىم،
كۆڭلى ياغدەك مېھرىبان ئەلسەن ياساشقا جان ئىلىم،
بەردى نۇر ھۆسنىڭگە پەرھادلار راسا نۇرلاشقىلى.

نۇر - گۆھەر يۇرت سەن، مۇنەۋۋەر تارىخىڭ، ئېھ مۆھتەرەم،
گۈل - گۇلىستانىڭ باياۋان قوينىدا كۇلگەن گىلەم،
روھى پاك ئەل تەۋسىپى قاشتاشلىرىڭ كۆكسىدە جەم،
ۋاھ، يۇرۇڭقاشتا تۇمەن يىل نەغمىسى، ئەۋجى ئەجەم...
ھەر تېشىڭ مىڭلاپ دەرەم، تاش بارمۇ تەڭداشقىلى؟

بەر كامال تاپقاي ھۆنەرۋەن ئەر قولىدا ھەر ھۆنەر،
ئەل سۆيەر ئوغلانلىرىڭ بەرداشتا توغراقتەك كېلەر،
نازىنىنلارغا سەھەر كۆن، كەچتە ئاي تەزىم ئېتەر،
نۇر ئوغۇرلار چېھرىدىن تاڭ - سۇبھىدە چولپان، ھۆكەر،
نەقەدەر دەھشەت جۇدالىق، بولمىغاي پايلاشقىلى!

ياشىم ئوتتۇز بىر دە بولدى ئىككى يىللىق بۇ كېلىش،
تەر تۆكەي ھارماي باياۋانىڭمۇ بولسۇن گۈل بىھىش،
بىخلىنىپ دەشتىڭدە ياپراقلاپ بولاي ئالتۇن بىدىش،
جان ئانا، سالغىن مېنى بولسا مۇشەققەت قايسى ئىش،
شائىرىڭ كەلدى كۆيۈڭگە جور بولۇپ سايراشقىلى!

## خاھىشىم - پەرمايىشىم

ئىز سىلىپ ئۆتتى ھاياتىنىڭ كۆكسىگە ئوتتۇز يېشىم،
بەردى زىننەت قانچىلىك ئالەمگە چەككەن نەقىشىم؟
بولدىمۇ مەقبۇل ھەقىقەتكە قىلىق - قىلغان ئىشىم؟
ۋەزنى دەريا تامچىدىن ئوتتۇزنى تۆكتى كۆز يېشىم،
چۆرگۈلۈپ ئۆمرىن چۆلىن سەرگەشتە بولدى بۇ بېشىم.

ئويلىسام ئۆمرۈمنى مەن خەندانىغا تولدۇم گاھى - گاھ،
بورىيا كەپىمدە روھىم تەختىدە مەن پادىشاھ،
زەر بىلىپ يەل ئۈينىغان كۆز ياپرىغىن زەرسىز نىگاھ،
مەن بولۇپ رەسسام شەپەق ئىشقىدا ئەزدىم كۆپ سىياھ،
كەلدى رەڭگە مىلىنىپ سۇمۇرغ پېيىلىق پەلكىشىم.

تاڭدىكى چۈشتەك ئىسىمدە ئەركە-ئويناق بالىلىق،
يۈز ئۆپۈك قوزغار ئىدىم تاتلىق كۈلۈپ ۋىلىق-ۋىلىق،

مـڭلـغان ئۆركەش ئىچىدە قالدىغۇ گويا قېيىن،
چۈشتى قۇم ساھىلغا ئۈپقۈن ئەۋجىدە ئالتۇنبىلىق،
سەرىتان تەڭرىمگە نە پەرۋا ئىدى پىلتىڭلىشىم.

ئەرگە سەت ھۆسنىگە ماختانماق، دېگۈم كەلدى بىراق،
«ئاق سۈزۈك مۇناقە بۇ» دەيتتى مېنى يېقىن-يېراق،
ئەمدى كىم كۆرسە بۇ تۇرقۇمنى، ئۇ گەپكە دەيدۇ ياق،
غۇنچە بوي چاچسا توپا قونغان چېچەككە نە دىماغ؟
رەنجىمەڭ قىزلار غەرەزسىز ئېتىلىپ كەتسە قېشىم.

ئالدى ئۆز ئىلكىگە ئەركىمنى قوشۇپ دۇنيا مېنى،
ئاھ، نېچۈك سىركىن قىزىل گۈلنىڭ سەھەرلىك شەبنىمى،
كۆرگىنە ئىس ئاستىدا كۆيگەن پىلىكنىڭ شەمئىنى،
كۆككە يەتكۈزدۇم قاقاقلاپ دەردكە سىرداش كۈلكىنى،
قۇش بولۇپ پەر سىلكىسەم ئۇچقان غازاڭلار سىردىشىم.

سوقىدۇ ھەر كۇنلۇكى بال سانى تەڭشەلمەس شامال،
خوشلىشار بەرگى بىلەن ئۆمرۈم شېخىدا بىر نىھال،
ئۇل يوپۇرماقلار بېرىپ ياتناققا قونسا ئېھتىمال،
قوزغىلار چۆل قەلبىدە باغلار چۈشى-شېرىن خىيال،
قومغا سىڭگەن زەر راۋاقلاردا ھېكايە-كەچمىشىم.

كۈچىنىپ تارتقان تاماكام دۇتلىرى باغرىمدا جا،
يۈرىكىم كۆككە تۇتۇن سۇرگەن ئەزىم گۈلخان گويا،
لەك تىلەك ئاتەش ئىچەر پەرۋانىدەك ئىزدەپ زىيا،
ئاي قونار ئالتۇن شەپەققە كۆزلىرىم قىلسا ناۋا،
بارچە جان بولغاي سەمەندەر بولمىسا مەھكەم تېشىم.

ھەر سەھەر تاغدىن چىقىپ باغرىمغا قونغاندا قوياش،
مەندىكى يالقۇنغا بەرداشسىز كۆزۈمدىن ئىچتى ياش،
سەن ئاجايىپ بىر ھارارەت، دەيدۇ، سىرنى ئەيلە پاش،
لەيلىگەي ئاي بەھرىدە باغرىمغا تەگسە تاغۇ تاش،
ئۆرتىنىپ كەتمە يەنە سەل - پەل يىراق تۇر سىردىشىم.

چىققى چۇش بولدى ھاياتىمدا قاتار ئوتتۇز رەقەم،
ئۆل رەقەم ئاتمىشقا بارغايمۇ دىبان دىلدا ئەلەم،
بۇ تىرىكلىكقۇ ئۆلۈمگە ئىز بېسىپ كەلگەن قەدەم،
كاشكى ئومرۈمدە ۋەتەن كۆكسىگە يايسام گۈل ئىرەم،
شۇندىلا چۇشسەم ئەجەل پەنجىگە يوقتۇر تەشۋىشىم.

مەن گۈزەل تۇيغۇمدىكى دۇنياغا ئىخلاس ئەيلىدىم،
ھېسلىرىمنى ياۋا ئورمانلاردا يولۋاس ئەيلىدىم،
تاپشۇرۇپ جىسمىمنى چاقماقلارغا ئالماس ئەيلىدىم،
زاھىرىمنى تىپتىنچ دەريا بىلەن ماس ئەيلىدىم،
ئوق كەبى ئاققان قورام تاشلار مېنىڭ سۈرگەن تېشىم.

نۇر سۇقار تىلسىمغا يۇلتۇزلارنى چاققان بۇ كۆزۈم،
تەڭرى ئويلاپ باقمىغان ئالەمدە سەيلانە ئۆزۈم،
ئايغا تالڭ رەڭگىن بىرەر تۇنلەرگە سۈركەلسە يۈزۈم،
قارنى گۈل ئەيلەر زىمىستاندا بولۇت قۇچساكۆزۈم،
راسلىشار گۈلزار پاياندازلارنى گۈلشەنلەر قىشىم.

مەن مانا زەڭگەر سامادا قوش قولۇمدا ئاي ۋە كۈن،
بولمىغاي كۈندۈز دېگەن گەپ، سىڭدى ھەم يوقلۇققا تۈن،
زور چېقىن چاققان بولۇت زېھنىمگە دۈچ سېھرى تۈگۈن،
بۇ گېپىمدىن، مەيلى پەرۋايىم پەلەك، كۆل يا ئۆكۈن،
ۋەسلى نۇر دۇنيا بىرەر ئۆز خاھىشىم - پەرمايىشىم!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# پەخرىم بوۋام — پەخرىم داۋام!

يۈسۈپ خاس ھاجىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 980
يىللىقىغا بېغىشلايمەن

تەپەككۇر قەسرىدە تۇرسام دېرىزەمنى سەنەم چەكتى،
قۇچۇپ شائىرلىقىم ئاتەشنى قۇرلارغا قەلەم چەكتى،
بوۋام يۈسۈپ باياناتى ئەسىرلەرگە رەقەم چەكتى،
ئىلىم دۇنياسىنىڭ ئالتۇن مۇنارىغا ھەشەم چەكتى،
كىشىلىك ئالىمىنىڭ بەختى پەيمانىغا تەم چەكتى.

تۆرەلمىشتە يۈسۈپ جىسمىدا شائىرلىق قېنى ئاققاچ،
ئانا ئەللەيلىرىدىن نۇر ئىمىپ ئەقلىدە كۈن ياققاچ،
ھاياتلىق زاھىرىدىن روھىي باتىنغا تىرەن باققاچ،
تەسەۋۋۇر بەھرىدىن شولا ئۆرۈپ تىلسىم تېپىپ تىلماچ،
نىگاھلار بىر يورۇق ئالەم تامان قۇتلۇق قەدەم چەكتى.

كامالى تۈيغۇلۇق زات ئىجتىھاتنى ئىلكىگە ئالدى،
چىگىش ئالەم ئارا سىھرىي ھاياتنى ئىلكىگە ئالدى،
تامام يەرۈ پەلەك تا كائىناتنى ئىلكىگە ئالدى،
پاساھەت سەپ تۈزۈپ بەتلەر ئىجادنى ئىلكىگە ئالدى،
ئىلىم-پەن گەنجىدىن دەريا كەبى تىللا-دەرەم چەكتى.

ئۇنىڭ بىر جۈپ قولىدا ئاي بىلەن كۈن نۇر - ھارارەتتۇر،
ئۇنىڭ ئەترايى يۇلتۇز دەۋرىي قىلغان بىر كارامەتتۇر،
ئۇنىڭ لەۋزى، كالامى، ھېكمىتى شېئىرىي پاساھەتتۇر،
ئۇنىڭ بەخشەندىسى شامى ھاياتنىڭ - قۇت - سائادەتتۇر،
ئۇنىڭ بەرقى سىياھ دىللارغا يورۇق دەم - بەدەم چەكتى.

ساناپ بولمايدۇ قەشقەر باغرىدىن قانچە بوران ئۆتتى،
بىلىپ بولمايدۇ تارىم كۆكسىدىن قانچە قىيان ئۆتتى،
قەيەردە سۈندىكىن تاڭ مىڭلىغان تەختىراۋان ئۆتتى،
يوقالدى بىر مەھەل يىغلاپ - كۈلۈپ ياخشى - يامان ئۆتتى،
ئۇلۇغ شائىر بوۋام باقىيلىقى يىللارغا دەم چەكتى.

جاھان ئەھلى ئىلىم پەخرى يۈسۈپ پەخرىگە تەزىمدا،
ئۇلۇغ شائىر سۈباتى جان بەخىشتۇر ئىمتىيازىمدا،
بولۇپ قەلبەن ساداقەتمەن غۇرۇر كۆكلەيدۇ يازىمدا،
دىلىمدا زىكرى ئەجداد چىن ئىبادەت - جايىنامازىمدا،
قەيەردە كىم قاچان تەركى ئىلىم بولدى، سەتەم چەكتى.

قاچان كىم، قايسى جاي مۇشتاق ئىلىم بولدىكى، ماھ بولدى،
سائادەت سۈبھىگە يول ئالغۇچى باش - رەھنىماھ بولدى،
ئۇنىڭ دەۋرىدە قۇت، سۆيگۈ، ئادالەت ئەلگە شاھ بولدى،
توزانى تۇتىيا - سۈرمە، ئىزى ھەم سەجدىگاھ بولدى،
جاھان ئەھلى ۋاپا، تەۋپىق، ھىدايەت، چىن كەرەم چەكتى.

پەخىرلەنمەيدۇ كىممۇ شۇ كەبى ئەجدادى بار بولسا،
كىشى ئۆلگەيمۇ ئەۋلادىغا شۇنداق يادىكار بولسا،
قوتاتامدۇ قەۋىم ئەجدادقا بىزدەك ئىز باسار بولسا،
قەۋرلەر نەۋرىلەر تۆككەن چېچەكتىن لالەزار بولسا،
پەخىرلىك ھېس بىلەن ئىسسىق يېشىم مەڭزىمگە نەم چەكتى!

1998 - يىل ئۆكتەبىر، قەشقەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇسەددەسلەر

## سايەم

يېلىنجايدۇ سامادا قۇياش،
نۇرغا ئوراپ تاغۇدالانى.
ئىللىق شامال سۆيۈپ ئۆتىدۇ،
ئەركىلىتىپ ھەربىر گىياھنى.
شۇ چاغ خۇشال مەن سايەم بىلەن،
گۈلزارلارنى ئارىلاپ كېلىمەن.

ھاياجاندا كېلىمەن مەغرۇر،
ياندا سايەم مەندىنمۇ پۇزۇر.
ھەمراھىمغا قاراپ زوق بىلەن،
بۇ دوستلۇقتىن ئالىمەن ھۇزۇر.
دەيمەن: «ماڭا چىن دىلكەش سايەم،
ئايرىلمايدۇ مەندىن بىر قەدەم.»

ۋادەرىخا! كۆك تۇمانلىنىپ،
قۇياش بىردىن يۇمدى كۆزىنى.
ئاپتاپتەك ئۆز كۇلگەن تەبىئەت،
رومال بىلەن ياپتى يۈزىنى.
سوغۇق ئىقىم كەلدى ھاۋادىن،
بۇلۇت مۆلدۈر تۆكتى سامادىن.

چىلىق-چىلىق بولۇپ ئۇستۋاش،
توڭۇپ تىترەپ كەتتى تەنلىرىم.
«قېنى سىز؟» دەپ قارىسام دەرھال،
ئاھ، قېشىمدا يوقتۇر ھەمراھىم.
يۈرىكىمنى قاپلىدى پىغان،
جان سىردىشىم قالغاندۇ قايان؟

بىردىن چاقماق چېقىپ سامادا،
چۈشتى يەرگە «لاپ» قىلىپ شولا.
پەيدا بولدى سايەممۇ شۇ چاغ،
چاقماق نۇرى چۈشۈش بىلەنلا.
لېكىن، تېزدىن ئۆچتى شولىمۇ،
يوقاپ كەتتى شۇئان سايىمۇ.

ئۆتتى چاغلار، كۈلمىدى ئاپتاپ،
سوقتى مۆلدۈر گۈللەرنى ساۋاپ.
سايەم يوقاپ كەتتى شۇ پېتى،
دىلىم بولدى ھىجراندا كاۋاپ.
ھەيھات! يەنە پارلىدى قۇياش،
نۇرغا چۆمدى يەر - جاھان تۇتاش.

باھار ئاپتاپ سەپكەچ بېشىمغا،
سايەم پەيدا بولدى قېشىمغا.
غەزەپلەندى قۇياش چىدىماي،
ھاياجاندا تۆككەن يېشىمغا.
دېدى: «نېچۈن خوشالسەن ئەخمەق،
سۆزلىرىمگە سال ئوبدان قۇلاق:

سەن يارىم دەپ قىلساڭ چەك يالقا،
ئۇ نەلەردە قىلدى تاماشا.
كەتتى ئامەت كېتىش بىلەن تەڭ،
كەلدى تەلەي كەلگەندە مانا!
نەسىھىتىم شۇ بىر كەلىمە:
ئۇنى يەنە كەتمەيدۇ دېمە.»

## ئاھ، لالەم

چىدىمىدىم، چىدىدىڭ قانداق،
ئۆزگىگە جور بولۇشقا لالەم.
بىراۋ قىستى گۇل قىلىپ سېنى،
ئۇپۇقتا ئوت تاشلىدى نالەم.
ئاھ، تۆكۈلدى بەخت شارابىم،
ئاھ، جاراڭشىپ سۇندى پىيالەم.

بۈگۈن ساڭا توي، ماڭا ھازا،
گۆكنى قۇچتى ساز، ناغرا، سۇناي.
ئۆتەمدىغان بىر قوشۇق غىزا،
كۆز ياشلىرىم ئاقار توختىماي.
سەن قەلبىمدە ھىلال ئاي ئىدىڭ،
غەرق بولدۇڭ بۇلۇتقا، تولماي.

غەرق بولدۇڭ بۇلۇتقا ئايىم،
يۈرەك بولدى ئاھ، تىلىم-تىلىم.
چىدىمىدىم، قانداق چىدايمەن،
كۆيدى قۇندۇز چېچىكىدەك دىلىم.
قۇرۇپ كەتسۇن سېنى ئۆزگىنىڭ
جۈپتى بولدى دېمەستە تىلىم.

ئېسىڭدىمۇ باللىق چاغلار،
سامانلىقتا، باغدا مۆكۈشۈپ؛
ئوينىشاتتۇق چوڭلار ئالدىدا،
قۇچاقلىشىپ، ئەركىن سۆيۈشۈپ.
ھېچكىم بىزدىن رەنجىمەس ئىدى،
شادلىناتتى تېخى كۈلۈشۈپ.

قول تۇتۇشۇپ بېرىپ مەكتەپكە،
قولتۇقلىشىپ يېنىشىمامدۇق؟
تايچاقلاردەك قوغلاپ، قېچىشىپ،
ئۆزئارا سۇ چېچىشىمامدۇق؟
«ئۆي تۇتۇشۇپ ئويناپ» ئايدىڭدا
جىق گەپلەرنى دېيىشمەمدۇق ... ؟

ئۆي تۇتۇشۇپ ئوينىغان ئويۇن،
ئويۇن پېتى قالدىغۇ ئەپسۇس.
ئاھ، مۇمكىنمۇ قېنىپ مۇڭداشماق،
سۆيۈشمەكلىك جۇپ دىلدا مەھبۇس.
ئىھ، باللىق قايتىلانسىچۇ،
قېنىۋالسام ساڭا راۋۇرۇس!

## ئۆز ئۆيۈم

شاھ ئوردىسىنى تالاشمايمەن ھېچ،
بېھىشنىڭ باغلىرىنى قىلمايمەن تەمە.
ئالتۇن راۋاقلاردا قورۇنار روھىم،
پەرىلەر جىلۋىسى ھېچ گەپتۇر ماڭا.
ئىھ، يۇرمەي قەيەردە، ھەتتا ئەرشتە،
ئۆز كۆلبەم، ئۆز ئۆيۈم ماڭا قىبلىگاھ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئۆز ئۆيۈم بىر دۆلەت ئۇنىڭ شاھى مەن،
بەلكى مەن ئۆيۈمدە ئەركە شاھزادە.
يا كۈلەي، يا سەكرەي، يا ناخشا توۋلاي،
مەشغۇلمەن ئۆز ئىشىم بىلەن ئازادە.
ئۆيۈمنىڭ ھاۋاسى بىر سېھرىي داۋا،
تۈنەلمەس روھىمدا ھەرقانداق زىدە.

مۇشەققەت قوت بىلەن ئالمىشار ئۆيدە،
ئۇنتۇلار دۇنيانىڭ بارچە غوۋغاسى.
كۈلىدۇ باھارغا تولغان پاك چىراي،
كۆڭلۈمنى يورۇتار سۆيگۈ زىياسى.
بېھىشتىن، غىلماندىن قىممەتتۇر، قىممەت،
ئۆز كۈلبەم، ئۆزۈمنىڭ ئۆز دىلرەباسى.

تەختىدە شاھ مەنچە سۈرەلمەس ھۇزۇر،
خانىشلار شاھلارغا بەرگەنمۇ ئارام.
زەر قەسىر، زەر تۆشەك، زەر تاج نېمە ئۇ؟
ئۆتسە گەر تەشۋىشتە كۆڭلى بىئارام.
تېپىلماس بېھىشنىڭ نېمىتى ئىچرە،
مەھبۇبەڭ قولىدا يېگەندەك تائام.

ئۆز ئۆيۈم جەننىتىم، بەختىم، دۆلىتىم،
پەرىشتەم مەڭگۈلۈك ماڭا ساھىبخان.
مەن ئۇندا كۈندۈز-تۈن ھەم ئەتە-ئاخشام،
ھەر سائەت، ھەر مىنۇت ئەتىۋار مېھمان.
ئارمىنىم: ئۆلگەندە جەننەتكە كىرسەم،
ئۆيۈمدىن ئايرىلىپ تارتمىسام ھىجران.

# نىسىپ بولدۇق ئىككى ياتقا بىز

كىنو كۆردۈم ئۇن يىلدىن كېيىن،
يۇرتۇمدىكى يازلىق كۇلۇبتا
ئولتۇرىمەن سەن بىلەن تۇنجى
دىل بېرىشكەن شۇ ئورۇندۇقتا.
يۈرىكىمنى چىللايدۇ بۇ جاي،
مەيلى يۇرمەي قايسى قۇتۇپتا.

ئۇ چاغلار سەن سەبىي، مەن سەبىي،
غۇنچە ئىدۇق قونمىغان غۇبار.
كۆڭۈللەردە شېرىن ئارزۇلار،
سۆيگۈمىزدىن چەكسىز ئىپتىخار.
تەتۈر تەلەي يىغلىتارمۇ دەپ،
ئويلىمىغان زىنھار ۋە زىنھار.

تاھىر - زۆھرا بولىمىز دېگەن،
غېرىب - سەنەم بولىمىز دېگەن.
بىللە قۇتلاپ بارچە باھارنى،
غەمدە ھەمدەم بولىمىز دېگەن.
ئايرىلمايمىز، ئۆلسەك مەھشەردە
يەنە بىز جەم بولىمىز دېگەن.

بەختىنىلا ئويلىغان، كۈلگەن،
كىرپىكلەردىن يىراق ئىدى نەم.
ھايات گۈلزار ئىدى بىز ئۈچۈن،
كېيىنەكتەك ئوينايتتۇق ھەردەم.
ئوي - خىيالىم ئاشۇ باغلاردا،
سېنى ئىزلەپ يۈرەر ھېلىھەم.

ئولتۇرىمەن بۇ جايدا تەنھا،
قېشىمدا يوق ھەتتا كۆلەڭگەك.
ئىختىيارسىز قالسام پىچىرلاپ،
ئاڭلانمايدۇ شېرىن كەلىمەك.
نېسىپ بولدۇق ئىككى ياتقا بىز،
ئاھ، ئىككىمىز بەختسىزكەن ئەك.

## مەن ئاتا بولدۇم

تۇنجى تىلىم چىققاندىن بۇيان،
زىكرى بولدى بىر شېرىن بايان.
«جېنىم ئاتا، مېھرىبان ئاتا»،
ئەركىلىدىم ئاتامغا ھامان.
مىنىۋېلىپ بويىنغا ھەر كەچ،
مەن بەرمىدىم ئامانغا زامان.

تاكى ئاز كەم قىرىق ياشقىچە،
تالاي-تالاي داۋان ئاشقىچە.
«ئاتا» دېگەن سۆزنىڭ ۋەزنىنى،
بىلمەپتىمەن ئەقىل شاشقىچە.
بۇ گەپ ئىكەن دېڭىزدەك چوڭقۇر،
يۈكسەك ئىكەن كۆك تاقاشقىچە.

لۇغەتلەردە «ئاتا» دېگەن سۆز،
ئىزاھلىنىپ مۇنداق دېيىلەر:
بىرى ئۇنىڭ بەخشەندە بولماق،
بىرى دادا، مېھرىبان پەدەر!
ئىككى مەنا بىر يەرگە كەلسە،
قاي تەپەككۇر تەكتىگە يېتەر؟

يول يۇرۇيمەن كۆزەينەك تاقاپ،
ئۆتكۈر كۆزلەر بولماقتا خىرە.
قۇرۇق چەكتى ماڭلايلىرىمغا،
ساقىلىمدا ئاق بىرە-بىرە.
مېھنەت پەنجە ئۇرسا بەزىدە،
تەس قىلىمەن بىلىمنى ئۆرە.

مەن چۈشەندىم ئاتا بولغاندا،
«ئاتا» دېگەن سۆزنىڭ تەكتىگە.
ئاتا دېگەن كاپالەت ئىكەن،
بىر قەۋمنىڭ تەلەي-بەختىگە.
ئاتا دېگەن قاراۋۇل ئىكەن،
گۈلزارىڭنىڭ بەگى - رەختىگە!

ئاتا دېگەن بېغىشلانغۇچى،
شام چىراغتەك جىسمىدا كۆيۈك.
ئاتا دېگەن بېشىڭغا قۇت، تاج،
زىمىستاندا پۈتۈڭغا ئۆتۈك.
ئەجرى ئۇچۇن گۆھەر بەرسە تاش،
بارماقلىرى تىلىمەس ئۈزۈك.

ئاتا بولماق ئاسان ئەمەس، تەس،
يەلكىسىدە سېزەر ئېغىر تاغ.
روھ بەستىنى قار - مۇز كۆمسىمۇ،
ئائىلەڭگە يايىدۇ گۈلباغ.
يۈرىكىدىن تامچىيدۇ ئۇنىڭ
لەۋلىرىڭنى پارقىراتقان ياغ!

ئاتا دېگەن ئۆينىڭ تۈۋرۈكى،
ئۇ بولغاچقا ئاش ـ نېنىنىڭ پۈتۈن.
ئاتا دېگەن ئۆينىڭ يۈرىكى،
ئۇ مۇجىلار شادلىقىنىڭ ئۇچۇن.
ئۇ ئوت-ئوچاق،
ساڭا ئىسسىق بار،
چوققىسىدىن چىققاندا تۈتۈن.

ئاتا دېگەن بىر قارا قازان،
ئۇ لوقمىسىز بېغىشلايدۇ ئاش.
ئاتا دېگەن جېنىڭغا جاھان،
كېچەڭگە ئاي، كۈندۈزۈڭ قۇياش.
سەن چىمەندە ئېغىنالايسەن،
پۈتلىرىدىن قان ئەمگەندە تاش!

ئاتا بولدۇم، ئاتا بولدۇمەن،
زىممەمدە يۈك زېمىندەك ئېغىر.
مەن ئۆزۈمنى تامام ئۇنتۇغان،
بالا-چاقام دەپ كۆيەر بېغىر.
چاڭ كۆرمىسۇن پەرزەنتلەر مېھرى،
مەيلى ئۇچام بولسا قان-يېغىر.

# مۇسەممەنلەر

## ئەي خەلقىم

ئەي خەلقىمەي، ئەي خەلقىم،
سېنى دىلدىن سۆيىمەن.
يۈرىكىمدىن كۈيىمەن،
شادلىقىڭدىن كۈلىمەن.
ھايات ساڭا تەسەددۇق،
سېنىڭ ئۈچۈن ئۆلىمەن.
بوستانىڭنىڭ گۈلىمەن،
گۈلخانىڭنىڭ كۈلىمەن.

ئەي خەلقىمەي، ئەي خەلقىم،
شائىرىڭ مەن ـ دىلكەشىڭ.
سەن قىبلىگاھ زوھرايىم،
تاھىرىڭ مەن ـ سىردىشىڭ.
سەن قەلبىمدە ئۇلۇغ روھ،
زاھىرىڭ مەن ـ ئۈنلىشىڭ.
مەن خەندانىڭ ـ كۈلىشىڭ،
مەن ئەلىمىڭ ـ كۆز يېشىڭ!

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

ئەي خەلقىمەي، ئەي خەلقىم،
شۇنداق ئاشىق ئوغلانىمەن.
سەن دىلىمغا شام ياققان،
مەن نۇر شەيدا پەرۋانىمەن.
ئاھ، ۋىسالىڭ، ۋىسالىڭ...
مەن بىر ئۇيۇل ھىجرانىمەن.
گويا باغرى رەيھانىمەن،
گويا گۇلگۇن گىريانىمەن.

ئەي خەلقىمەي، ئەي خەلقىم،
سەن قۇتلىغان بىر جانىمەن.
مەن ھۇجەيرەڭ، مەن زەررەڭ،
جىسمىڭدىكى پاك قانىمەن.
مەن شەجەرەڭ، ھېكايەڭ،
ئوت يالجىغان داستانىمەن،
مەن مۇقەددەس غۇرۇرۇڭ،
تاغلار يەتمەس ئاسمانىمەن!

ئەي خەلقىمەي، ئەي خەلقىم،
مەن يات ئەمەس، ئۇرۇقىڭ!
ساڭا تالىق ھەر نەپەس،
مەن كۆز، ئېغىز، قۇلىقىڭ.
سەن يېقىلماس تۇلپارسەن،
مەن ئۈپرىماس تۇيىقىڭ.
سەن خازانسىز بىر گۇلزار،
مەن قۇرۇماس بۇلىقىڭ!

ئېسىڭدىمۇ ئەي خەلقىم،
بالا ئىدىم ـ بەك گۇدەك،

ئىشقىڭ بىلەن چوغلاندىم،
چۈشتى غالىب بىر تىلەك.
سېنى قەلبەن باغاشلاپ،
دولقۇنلىدى بۇ يۈرەك.
سېھىرلەندىم، خىياللار
باشلاپ كەلدى كېلەچەك.

ئەي خەلقىمەي، ئەي خەلقىم،
سەن ساھىبى نادىرەم.
سەن ئىز گۈلۈك، سەن يوللۇق،
سەن ئوڭلۇق، سەن مۆھتەرەم.
ئاشىقلىقتۇر شائىرلىق،
ئەجەب شېرىن بۇ ئەلەم.
مىسرالارغا چېگىلدىم،
ئۆمرۈم بولدى زەر قەلەم.

مىسرالارغا چېگىلىپ،
يۈرىكىڭگە ئۇلاندىم.
ھەسەت، پىتنە ئارقامدا،
يوق يېرىمدە تالاندىم.
مېھرىڭ قىلدى قۇياشلىق،
كۆڭلى تۇتۇق - تۇماندىم.
ئەركەك مەۋقە ئۆڭەمدۇ؟
ئىشقىم بىلەن قۇۋاندىم.

شېئىر يازدىم، ئوقۇغىن،
يۈرىكىمنى بىل خەلقىم.
ھۇز ۇرلانغىن، ئويلانغىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

يا يىغلا، يا كۈل خەلقىم.
شەبنەم بولاي بەرگىڭگە،
پورەك - پورەك گۈل خەلقىم!
ئۆمرۈم گويا بىر قەلەم،
پۈتمەس سىياھ پاك قەلبىم!

## بىغىشلاي ۋىسال

بىرسى: مەن قالتىس بالىمەن، دەيدۇ،
مۇھىم مەسلىھەت سالىمەن، دەيدۇ.
شائىرلىقىڭنىڭ باھاسى نەچچە؟
قانچە پۇل بولسا ئالىمەن، دەيدۇ.
شۇ چاغ مۇشتلىرىم تاشتەك تۈگۈلۈپ،
ئاغزى - بۇرنىغا سالىمەن، دەيدۇ.
يۈرەك: گۆھەرنى تاشقا ئۇرمىغىن،
دەردئەلەمدە قالىمەن، دەيدۇ.

— شائىرلىقىڭنى ساتساڭ ئەگەردە،
ئۇستۇپشىڭنى كۆمىمەن زەردە.
ئىلكىڭدە ئامەت، ئاستىڭدا تۇلپار،
سەن ئۇ ئولتۇرغان ئالتۇن ئىگەردە.
ھايات بىر نۆۋەت، مۇرادىڭغا يەت،
ماڭلىيىڭنى شور قاپلاپتۇ تەردە،
دەيدۇ بىر نادان قىلىپ دىلنى قان،
گويا باغرىمنى تىلغاپ خەنجەردە.

چىشلىرى سەدەپ، لېۋى گۈل مىسال،
قاشلىرى قارا، كىرپىكى تال - تال.

كۆزلىرى چولپان، چاچلىرى بوستان،
مەڭزى مۇناقە ئۇزۇمدەك يال-يال،
بىر ساھىبجامال، (پەرىشتىلەر لال)
دەيدۇ: شائىرىم، ئەي ھەردەم خىيال،
شائىرلىقىڭنى ماڭىلا بەرگىن،
قۇتلۇق ئۆمرۈڭگە بېغىشلاي ۋىسال.

بىر دوستۇم دەيدۇ: شائىرلىقنى قوي،
ئىگىلىپ قاپسەن، ئىدىڭ چىنار بوي.
يۇلتۇزدەك تولا يازدىڭ شېئىرنى،
مۇشۇ ھۇنەردىن تاپتىڭ قانچە كوي؟
بەس بولدى ئەمدى، تاشلا قەلەمنى،
مال-چارۋا باققىن، بوردا كالا-قوي.
تىرىكچىلىكنىڭ پايدىسى ئوبدان،
ھېچ بولمىغاندا ساتقىن تىۋىت-موي.

شائىرلىقىمغا چىقتى «خېرىدار»،
ئېيتىڭلار دوستلار، بۇقانداق بازار؟
بىرسى قەلبىمنى ساتامسەن دەيدۇ،
كۆرەڭلىگەنچە پۇل-تەڭگە تىزار.
بىرسى ئۆزىنى پەقەت بىلمەيدۇ،
ئەلپازى يامان، پەيلىنى بۇزار.
بىرسى بۆكۈمگە جىگدە سالماقچى،
بىرسى بىلمەيلا قىلىدۇ ئازار.

شائىرلىقىمنى ساتمايمەن ئەسلا،
قەلبىم، ۋىجدانىم ئىلاھىي سىيما.
شائىرلىقىمنى بەرمەيمەن ساڭا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«پەيغەمبەرلىك» نى بەرسەڭمۇ ماڭا،
مەيلى ئەرىشتە بولغىن پەرىشتە،
بۆسەڭ، كەرەشمەڭ بەك تۆۋەن باھا.
شائىرلىقىمنى قوي دېمە ئاداش،
شائىرلىق بىلەن مەن باقىيى دۇنيا.

ھاياتىم نېمە؟ شائىرلىقىم شۇ!
ئۇنىڭسىز قانداق مۇمكىن ياشىشىم.
قەلبىمدە يۇزلەپ تاڭلار ياتىدۇ،
دېڭىزلار بەھرى ھەر تامچە يېشىم.
شاھلار تاجىغا قىلمايمەن ھەۋەس،
قۇياشتىن دۇپپا كىيگەن بۇ بېشىم.
پاكار كۇلبىلەر، قومۇش كەپىلەر...
شائىرلىقىمغا تەشنا سىردىشىم.

شائىرلىقىمنى ئەل بەرگەن، ئەلنىڭ...
مەن قۇياش تۇغقان بىر ئالتۇن شامال،
تۇپراق زەررىسى قونغان سۇمبۇللار،
شورتاڭ ماڭلايلار ھەر سۆيسەم خۇشال.
تەشنا دىللارغا زەمزەم بولىمەن،
شەيدالار ئۇچۇن پاك، شېرىن ۋىسال.
مىسرالىرىمدا مەشئەل شولىسى،
تاڭدەك كۇلىمەن تاڭلاردىن ئاۋۋال.

## دادامنىڭ خېتى

سالام! ساھرادىن بەرنا شەھەرگە،
ئوغلۇم، سۆيۈنچىم، جانۇجىگەرگە.

سايدىن ساماغا نۇر تاشقىنجىتىپ،
كۆكتە چولپان بوپ يانغان گۆھەرگە.
لەۋزى قوياشتەك ئىسسىق ھارارەت،
تاغلارغا لەۋھە ئاسقان سەھەرگە.
پەخرىمنى يايسام ئالەمنى قۇچتى،
مەن ئاتا بولغاچ سەن يىگىت-ئەرگە.

سىنى يىراقتا ھەردەم ئويلىسام،
(كۆكلۈكنى بۇزما)، ياشلىرىم تارام...
يىللارنى بارماق بىلەن سانىسام،
يىشىك ئوتتۇزدىن ئېشىپتۇ بالام.
ساقال بىسىپتۇ ئاپئاق يۈزۈڭنى،
ئارىلاپ ئاق چاچلار بىشىڭغا باقسام.
غۇلاچلىرىمغا سىغمىدى غولۇڭ،
جىنىم ئوغلۇم! دەپ باغرىمغا ياقسام.

ئون بەش يىل ئۆتتى ھىجران ئىچىدە،
سىنى سىغىندۇق كۈندۈز - كىچىدە.
قانچە يىلدا بىر دىدار غەنىيمەت،
يۇرتىمىز ياقا-جاھان چىتىدە.
ئاناڭ ئوغلۇم دەپ كۆز يۇمغان چاغدا،
ئىككى تامچە ياش قالدى بىتىدە.
قىرىنداشلىرىڭ يادلايدۇ تىنماي،
مۇھەببەت دىگەن قالتىس نىمە - دە!

تاڭدەك بەختىڭدە گۈل پورەك - پورەك،
ئوقۇشقا كەتتىڭ كىچىك، بەك گۆدەك.
خەت تارتىمىغانتى بۇرۇتۇڭ تىخى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

چېھرىڭ قىزارغان سۈتتۈن ئالمىدەك
مەڭىزىڭگە سۆيۈپ خوش دېگەن چېغىم
مېڭەمگە قوقاس تاشلىدى پەلەك.
گۈرۈلدىگەندە ماشىنا بىردىن،
گويا باغرىمدىن يۇلۇندى يۈرەك.

ماشىنا ئۇزاپ ماڭدى گۈرۈلدەپ،
قول پۇلاڭشىتتىڭ دادا! ئانا! دەپ.
كىچىك بالىدەك يۈگۈردۈم يىغلاپ،
ئاناڭ كەينىمدە كېلەر ئېسەدەپ.
تۇتالماي قالدى نىگاھلار سېنى،
بىر تۇغقانلىرىڭ يىغلاشتى ھە دەپ.
ساراڭدەك يۈردۈق خېلى چاغقىچە،
قۇلاقتا ياقماس سەندىن باشقا گەپ.

ۋاقىت ھەممىگە چەك قويىدىكەن،
ھەر دىلغا تەقدىر خەت ئويىدىكەن.
لېكىن، ھەر يانسا پەرزەنت پۇرقىتى،
ھىجران جېنىڭنى بىر سويىدىكەن.
كۆلكىدىن ئەلگە گۈل چەكسە ئايەم،
كۆزلىرىڭ ئۈنسىز ياش قۇيىدىكەن.
ھەر ياخشى غىزا كەلسە ئالدىڭغا،
سىقىنىپ ئادەم غىق تويىدىكەن.

قانداق تۇرغاندۇ، نېچۈكتۇر ھالى،
قايسى ئىش بىلەن پىكرى - خىيالى؟
تۇمۇزدا ئىسسىق ئۆتكۈزۈۋالمىغاي،
توڭدۇرغانمىدۇ قىشنىڭ شامالى؟

باسقان ئىزدا گۇلمۇ، تىكەنمۇ،
تولسا، پارلىسا ئەقىل ھىلالى!
مىڭ تۇرلۇك سوئال كېلەر ئالدىڭغا،
چۈنكى، ھاياتنىڭ كۆپ ئېھتىمالى.

ئەر باغرى قاتتىق دېگەن گەپ خاتا،
ئەڭ نازۇك قەلب ھەر غەمخان ئاتا.
ئاتىلار قەددى ئالەمنى يۈدگەن،
ئەجرىدىن ئايەم ئەۋلادقا ئاتا.
ئاتا يۈرىكى بىر ئۈيۈل چوغدۇر،
كۈيەر بالام دەپ، دېمەس ھەسرىتا!
بەختى دەسمايە پەرزەنت بەختىگە،
ئەزىز جېنىدىن كېچىدۇ ھەتتا.

بالام! دىمەكچى گېپىمگە كەلسەم،
مېھرىڭ ئويغان يۈرىكىمدە غەم.
كۈنلەرنى ساناپ ئۆتكۈزدۈم بەش يىل،
بېشىم سەجدىدە، يۈز - كۆزلىرىم نەم.
سۈرەتلىرىڭگە ئۇزاق تىكىلىپ،
تەنھا خىيالەن سۆزلەشتىم ھەردەم.
سېنى كىم تىلغا ئالسا سۆيۈندۈم،
ئىھ، ئامراق بالام، بەختىم، جان ئەركەم.

يولۇڭغا بېقىپ تۇرساق بۇ ياقتا،
ئوقۇشۇڭ تۈگەپ قالدىڭ يىراقتا.
دېمىمىز چۈشۈپ كەتتى، بوغۇلدۇق...
يىراقلارمۇ ھەم كۆيدى يىراقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

سېنىڭ بىلە تەڭ كەتكەنلەر كەلدى،
توي ئىشى پىشتى قانچە ئۇچاقتا.
لېكىن، بىز قالدۇق بارماقلار چىشلەپ،
يىغلاپ نۇر ئۇچەي دېدى قاراقتا.

ھەيھات، ئەر بولدۇڭ بەردەم ھەم تىمەن،
ئەجرىڭ ئىزىڭدا يايدى گۇل-چىمەن.
غۇرۇرلىنىمەن سەندەك ئوغلۇمدىن،
پەخرىم قەلبىمدە يۇرۇڭقاش، تۇمەن.
سېنى ئويلىسام قارىغاي كۆرىمەن،
يىلتىز تومۇرۇڭ دىللاردا تىرەن.
ھىجران ئازابىن پەسەيتتى تۆھپەڭ،
قۇۋاندىم ئەلگە قوشۇپ جانۇتەن.

مەيلى يىراقتا تۇرساڭ جان بالام،
كۆيدۇرسىمۇ گەر ئوت-ھىجران بالام.
ئالەمنىڭ چېكى ئادەم ئىلكىدە،
سۆيگۇ — مۇھەببەت بىپايان بالام.
ئامراق ئاتاڭنىڭ ئاتىسىدۇر ئەل،
ئەل ئۇلۇغ ئاناڭ جانىجان بالام.
ئەلنىڭ ئوغلى بول مىنىڭدىن ئاۋۋال،
يول-يولغا گۇلخان ياق ھامان بالام.



# مۇئەششەرلەر

## ئەلۋىدا شائىر
(شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ ۋاپاتىغا)

تومۇرىدا تارىم، يۇرۇڭقاش،
روھ - ۋەسلىدە نوم ئاھى، باغداش.
يۇرىكى ئوت-يالقۇنتاغ ئوخشاش،
بېشى بۇغدا كەبى ئاپئاق باش.
تارىم، جۇڭغار ئىككى قولىدا،
سۆيگۈسىدە ئاي بىلەن قۇياش.
كۆڭۈل - كۆكسى يايلاقتەك چەكسىز.
دىلى مىليون دىللارغا تۇتاش.
ئۇلتۇراتتى نۇر ئارا بىر زات،
تەڭرىتاغنىڭ يېنىدا - ياندىش.

ئۇلتۇراتتى بىر نۇر - پەرىشتە،
شۇنچە ساھىب، شۇنچە مۇكەررەم.
كۆزلىرىدە ئۇمىد يۇلتۇزى،
قولىدا بىر مۇقەددەس قەلەم.
خىيالىدا دۇنيا ئايلىنىپ،
گاھ چېكەتتى شادلىق، گاھ ئەلەم.
ئەجەب ئىسسىق ئىدى نەپسى،
گويا جانغا خۇش ناۋا - ئەجەم.

ئۇ پەرىشتە ئەمەستۇر ئەسلى،
ئۇ ئۇيغۇرنىڭ نەسلى مۆھتەرەم.

ئاھ ... شۇم پەلەك ... ئەجەل شامىلى،
ناگاھ ئاڭا ئۇرۇلدى بىئۇاخ.
ئاپئاق بەتلەر قالدى ئاق پېتى،
ئاق دەپتەرلەر تاشلىندى ۋاراق.
ئاپئاق بەتلەر ئاق باغاق بولۇپ،
يىغلاپ - يىغلاپ يول ئالدى ھەرياق.
نېمە گەپ بۇ باغاقلاردىكى؟
بۇ شۇم خەۋەر راستىمدۇ؟ ياق - ياق!
ئەنقاھ بولۇپ شائىرنىڭ روھى
كۆككە ئۇچتى، بېھىشلەرگە باق!

ئەلەم ئەزدى ئالەم كۆكسىنى،
يۈرەكلەرگە ئۇرۇلدى بازغان.
بۇلۇت كۆمدى قۇياش ھۆسنىنى،
قىزىل دەريا ئاقتى چايقاپ قان.
مۇڭ دەسسىدى ئېلى بەستىنى،
يۈرۈڭقاشنىڭ ۋادىسى ۋەيران.
چاراسلىدى ئالتاي، يالقۇنتاغ،
بوغدا كۆلى ياش تولغان پەيمان.
زىدىلەندى ھازىدار مىللەت،
دىلىم كاۋاپ، باغرىم ئاتەشدان.

بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمىدىم،
شۇنداقمىدۇ تەقدىر پۈتكىنى؟!
ئۇرۇمچىدە شۇ جۇمە كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

سىياھ تۆكتى مۇسبەت تۈنى.
مىڭ ـ مىڭلىغان كۆزلەردە لىق ياش،
دىماغلاردا ھىجران تۈتۈنى.
ئېغىر چامداپ كېلەر خالايىق،
كوچىلاردا ئادەم كەلكۈنى.
ئاستا بارار يۇزلەپ ماشىنا،
تەبىئەتنىڭ ئۆچكەندەك ئۈنى...

قەبرىگاھقا كېتىپ بارىمىز،
ئالاھازەل ئۇن بەش چاقىرىم.
باشلار ئۆزرە تاۋۇت بارىدۇ،
ئۇندا ئۇلۇغ ئەللامە ـ پىرىم.
ئۇندا ئەلنىڭ ئەل سۆيگەن ئوغلى،
ئەل يېشىدا ئاققان تاھىرىم.
ئۇندا ئەلنىڭ غەمخان ئاتىسى،
تاغلار تەققاس ئالغان پامىرىم.
جاھان كۆرسە كۆرگەندۇ بەك ئاز،
بۇنداق كاتتا «توي»نى ياپىرىم.

مەرھابا! دەپ ئويغانغان زېمىن،
قۇچاقلىدى ئۈنى، ئاھ، لېكىن
تىرىكلەرنى تىلغىدى ھازا،
يۇرەكلەرگە چۈشتى ئوت-چېقىن.
بۇلدۇقلىدى ياشلار ئۇلغىيىپ،
چېھرىلەردە مەرۋايىت ئېقىن.
قول جۈپتەكلەپ دېدۇق: ئەي پەدەر،
ئەل رىزادۇ سەندىن، يات ئىمىن!
جايىڭ جەننەت بولغاي، ئەي تەڭرىم،
بېھىش بەرگىن شائىرغا، ئامىن!

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

شائىر سەندىن ئايرىلدۇق جىسمەن،
لېكىن، ھايات يۈرەكلەردە سەن.
بۇلبۇلگويا سېنىڭ پاك روھىڭ،
كۆكلەم باغدا ـ چېچەكلەردە سەن.
كىتابلىرىڭ گۈلخاندۇر ـ گۈلخان،
قىشتا يازغا تىلەكلەردە سەن.
كۆرۈنۈسەن تاڭلار بىلەن تەڭ،
قۇياش تامغان رۇجەكلەردە سەن.
ئېسىل قىسسە ئۆمرۈڭ مەنزىلى،
سۆزلىنىسەن چۆچەكلەردە سەن!

## سەدىقەڭ

يىگىتلىكنىڭ نەۋرۇزى،
مايسىلانغان مۇھەببەت.
تاڭ نۇرىدەك تۇكۇلگەن،
ئالتۇن شولا-ھارارەت.
ئىشقىڭ ئىدى ئۇ سېنىڭ،
ئەي جانانىم ـ ئاي سۈلكەت.
ئۆتتى يىللار ... ئۇنتۇلدى
تالاي شادلىق، تالاي دەرد.
ئۇنتۇلمىدى، ئۇنتۇلماس،
تۇرقۇڭ ـ گۈزەل قىياپەت.

بەلكى ئانا بولغانسەن،
كۆرۈشمىدۇق بىر قېتىم.
بالا ئىدىم، بالام بار ...
تۇرالمىدىم شۇ پېتىم.

ساقال باستى يۇزۇمنى،
كۆپ ئۆزگەردى سۇرىتىم.
پات - پات بىر ئوت گۇركىرەپ،
ئۆرتىنىدۇ قات - قىتىم.
ئاتەشداندا سۆزلەيدۇ،
ۋاراقلىنىپ بەت - بىتىم.

ۋىسالىڭدىن بىر قەترە،
قىلمىغانسەن بەخشەندە.
مەن يىغلىغان دۇم يېتىپ،
سەن قاقاھلاپ كۈلگەندە.
كۆينەكلىرىم يىرتىلغان،
سەن پەرۋاسىز يۇرگەندە.
يۇرەك - باغرىم تىلىنغان،
قوشۇماڭنى تۇرگەندە.
تاس قالغانتىم ئۆلگىلى،
«مەن يۇرمەيمەن» دېگەندە.

ئۆچمەس ئوتكەن مۇھەببەت،
ئەقىدەمدىن تانمىدىم.
ئايدىن سورا، قاي كېچە
گۇلخان بولۇپ يانمىدىم.
بىر تىكىلىپ باقالماي...
جامالىڭغا قانمىدىم.
كاككۇك قوندى بېشىغا،
مۇڭلۇق غەزەلخان ئىدىم.
ئىلتىجالىق جان ئىدىم،
كۆزلىرى گىريان ئىدىم.

سوقتى تەقدىر بەرگىمنى،
ئۈچۈرۈلدۈم يىراققا.
ئالەم ئالدى ئەركىمنى،
چۈشتۈم يۈچۈن تۇپراققا.
كۆز ياشلىرىم ماي بولدى،
باغرىمدىكى ئوچاققا.
مەغرۇرلىقىم خوشلاشتى،
روھىم ئوخشار روچاققا.
يادلاپ تولا نامىڭنى،
مەن ئايلاندىم قوشاققا.

«شائىر بولدۇڭ» دېيىشتى،
ئەل - ئالەمگە تونۇلدۇم.
مۇنارىغا شەرەپنىڭ،
نەقىش بولۇپ ئويۇلدۇم.
جانانلارغا ئوت كەتتى،
پەرشتىدەك تۇيۇلدۇم.
نامىم ئېسىل مەي بولدى،
يۈزلەپ دىلغا قۇيۇلدۇم.
چاقماق سوقتى رەشكلەر،
ھەممە تىلدا ئوقۇلدۇم.

مەن يىغلىدىم...
چۈشەندىم،
ماڭا كۆڭۈل بەرمىدىڭ.
گۈلزار قىلسام ساڭا خاس،
كېلىپ چېچەك تەرمىدىڭ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

شۇنچە ئاھىم ئەزمىگەن،
تاشمىدىڭ، گۆھەرمىدىڭ؟!
ئەي ئىلاھىي مەبۇدەم،
مېنى خەشەك دەرمىدىڭ؟
يۇلتۇزىمىز قوشۇلسا،
ئاھ، پۇشايمان يەرمىدىڭ؟

كۆز ياشلىرىم ئېقىتقان،
تاھىر بولۇپ قالدىم مەن.
پۇرقىتىڭدە ۋاراقلاپ...
شائىر بولۇپ قالدىم مەن.
تەڭرى تاغدا ماكانلاپ،
سادىر بولۇپ قالدىم مەن.
جۇت - شىۋىرغان كار قىلماس،
پامىر بولۇپ قالدىم مەن.
خالايىقلار ئىچىدە
«ياپىر» بولۇپ قالدىم مەن.

بىلمىگەن دەپ قەلبىمنى،
رەنجىپ يۇردۇم ئۇزاق يىل.
بەرگەنلىرىڭ كۆپ ئىكەن،
ئىكەنمەندۇق كەم ئەقىل.
ئاشىقلىقنى بېرىپسەن،
ئۆچمەيدىغان ئەبىدىل.
شائىرلىقنى بېرىپسەن،
ۋىسالىڭدەك بەك ئىسىل،
شائىرلىقىم سەدىقەڭ،
ھۆرمىتىڭگە جان كېپىل!

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# چېرىيە ھاكىمى

(چىرىيە ناھىيىسىنىڭ سابىق ھاكىمى
يالقۇن قادىرغا بېغىشلانغان)

ئەدىپلەر ئەل - يۇرتنىڭ گۈلتاجى،
ئەدىپسىز ئەل بولماس مۆھتەرەم.
ئەدىپلەر خەلقنىڭ ۋىجدانى،
ئەدىپسىز گاچىدۇر بۇ ئالەم.
يىغىسى قوۋمنىڭ ئەپخانى،
كۈلكىسى خالايىق بەختى ھەم.
كۈيلىرى دەۋرنىڭ ئىمانى،
پاك قاندەك رەڭ چەككەي زەر قەلەم.
ئاتەشگاھ گۈلخاندۇر ماكانى،
ئەل ئىشقى كۆيدۇرسە يېمەس غەم.

ئەدىپنى سۆيگەن ئەل دانادۇر،
لېۋىدىن لەۋ ئالماس سائادەت.
راھەتلەر ئۈزۈلمەي پەيدادۇر،
خۇشاللىق ئىلكىدە پاك ئىشرەت.
ئەدىپنى خار كۆرگەن ئەمادۇر،
روھى غار تۈنىدەك توم زۈلمەت.
گەر شاھ ئۇ، نۇسرەتكە گادادۇر،
شەۋكىتى نەپرەتتىن جاراھەت.
بۇ دۇنيا ھۆكمى ھەق دۇنيادۇر،
مىڭ يىلدا كۆمۈلمەس ھەقىقەت.

ئەدىپلەر ئاددىي بىر كەپىدە،
ئامەتتە شاھلارغا تەڭ ئەمەس.
يالاق ئۇ، نە سۆلەت مەيدە؟

يولىمۇ ئانچە بەك كەڭ ئەمەس.
كۆرۈنمەس مۇنبەردە، سەھنىدە،
پىستەكلەر ئالدىدا ئەڭ ئەمەس.
يۈز ئۆينىڭ ئىسمىنى لەھزىدە،
يۇتىدۇ، چەككىنى بەك ئەمەس.
ئۇ مىڭ يىل هايات زەر سەھپىدە،
يازغىنى ئالتۇندۇر، رەڭ ئەمەس!

ئالەمدە ھەممە ئىش ئۇنتۇلار،
تۇغۇلغان ئاقىۋەت ئۆلىدۇ.
ئېھتىمال تاغلارمۇ ئۇگىلار،
شامالار تاشتىن قۇم يولىدۇ.
دېڭىزلار قوينىدا قۇم ئاقار،
ئۇنداقتا چۆل دەريا بولىدۇ.
بۇ بەلكى ئەپسانە بوپ قالار،
نادانلار ئويلىماي كۈلىدۇ.
بۈگۈننى كەلگۈسى يۈز يىللار،
ئەدىپنىڭ خېتىدىن بىلىدۇ.

چىرىيە هاكىمى ئاقىلكەن،
ئەدىپكە بىلدۈردى ئېھتىرام.
ئەقلىدىن مۇرادى هاسىلكەن،
ھۆرمەتنى مەي قىلدى، دىلنى جام.
ئويلىسام كۆڭلۈمگە نائىلكەن.
يىراقتىن رىياسىز پاك سالام!
مۇشۇ كۈي قەلبىدىن نازىلكەن،
يالقۇنغا گۈل تەردىم بىر تۇتام.
يۇرت كەمتەر پەيلىڭدىن قايىلكەن،
بۇزۇلما! ئەل - يۇرت دەپ كۈي داۋام!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئون ئىككىلىكلەر

## ياخشىلىق ياخشى

بۇ جاھان قاچاندا پەيدا بولدىكىن
ۋە قاچان كۆز ئاچقان دۇنياغا ھايات؟
كىم كەلدى، كىم كەتتى شۇ تارىخسىرى،
بۇ ھەقتە يوق تېخى ئېنىق مەلۇمات.
بىر كۈنى چۆلدىدۇر سۇمۇرغ جەسىتى،
ئون يىللاپ پەلەكتە قاقسىمۇ قانات.
ھاياتلىق كەينىدە يۈرەركەن ئەجەل،
مىڭ - مىڭلاپ يۇتۇلدى تۇپراققا ئەجداد.
تىرىكلەر ئۆچرەتكە تىزىلغانلار بىز،
ئەزرائىل نۆۋەتلەپ سالىدۇ كاچات.
كىملەر بىر كەلگەنچە بۇندىن كەتمىگەن؟!
كىم تۇپراق قوينىنى ماكان ئەتمىگەن؟!

بۇ دۇنيا كىملەردىن ئېشىپ قالمىدى،
نى تەختى - دەۋرانلار بولدىغۇ گۇمران.
ئاتىلار كۆز يۇمدى كۆز ئالدىمىزدا،
ئانىلار ياندۇردى مەڭگۈلۈك ھىجران.
قاياشلار قالدۇردى كۆپلەرنى داغدا،
دەريادەك ياش تۆكتۇق گويا رەڭگى قان.

يىغلاشتىن بولمىدۇق بىرەردەم خالىي،
قاقشال بوپ كەتمىدى، چىلىڭ نىمىگەن جان.
ئۆرتەندۇق، تولغاندۇق، چاراسلىدۇق ھەم،
ئىنسانىنىڭ ھاياتى ئىكەن ئاتەشدان.
پەريادلار كۆتۈرمەي تۇتتۇق دەردنى سىر،
ۋە كەلدۇق ئۆلۈمگە يىقىنلاپ بىر-بىر.

گۈلىستان ئورنىدا مانا گۆرىستان،
گۆرىستان ئورنىنى ئاپتۇ گۈلىستان.
بۇ تارىخ ئۇزاقتۇر، ئاھ بەكمۇ ئۇزاق،
يىللارنى ساناشقا يېتىشمەيدۇ سان.
تاغلارنىڭ ئورنىدا دېڭىز چايقىلار،
ئوكيانلار ئورنىدا ئۇچار قۇم-بارخان.
ئالمىشار پەسىللەر توختىماي، تىنماي،
ئۆرگۈلۈپ، ئۆزگىرىپ تۇراركەن جاھان.
ئۇزىتار ھەر تۈننى ئۆزگىچە بىر تاڭ،
ھەر تاڭنىڭ كەچمىشى مىڭ قىسسە - داستان.
ئۆزگە بىر جىلۋىدە كۈلەر ھەر سەھەر،
تەلەيىنىڭ جامىدا زەمزەم يا زەھەر.

ئاجايىپ قىلىشىپ كېتىدىكەنمىز،
تا مەڭگۈ دۇنيادىن كەتمەيدىغاندەك.
بىرى داد كۆتۈرسە كۈلىدىكەنمىز،
چويۇندىن پۇتمىگەن بولغىيدى يۈرەك.
تەڭگىلەر جانانلارنى قىلاركەن مەھكۇم،
بەزىمىز نەپ ئۇچۇن بولىمىز پىتنەك.
بوغۇشۇپ تالاشقاچ دىللىرىمىز قان،
ئىتمۇ بىز؟ تالاشقا سالغان قاي سۆڭەك؟

ئىنسان بىز! ھاياتلىق ئىچرە ئەڭ ئۇلۇغ،
ئويلايلى، ئالەمنى قىلايلى ئىدراك.
بىزلەرگە مەڭگۈلۈك ئەمەس بۇ جاھان،
ھېسابات بىلىدۇ كەلگۈسى دەۋران.

بىلگەندەك بولىمەن زېمىننى تىڭشاپ،
ئەرۋاھلار پىچىرلاپ سۆزلەيدۇ گويا:
«تىرىكلەر ھالالىراق ياشاڭلار ھالال،
ئالەمنى غەرق ئېتەي دەپ قالدى رىيا.
قەلبىڭلار قارىداپ كەتمىسۇن، بەس، ھەي ...
ئىنساپتىن دىللارغا يېقىڭلار زىيا.
ياخشىلىق قىلىڭلار، ياخشىلىق ياخشى،
ياخشىلىق بىلەنلا ئەۋزەلدۇر دۇنيا.
ئىزىڭلار گۈل بەرسۇن، ئۈنمىسۇن تىكەن،
ئالەمدە نۇرلانسۇن ئەڭ گۈزەل سىما!»
جاراڭلار روھىمدا ھەردەم ئاشۇ ئۈن،
ئىزلەيمەن شۇنداق ئۈز دۇنيانى كۈن-تۈن!

## خەيرلىك بول، خەيرلىك!

تاڭ ئۇيغىنىپ نۇر بالقىغان ماڭلايدىن،
تۈن سىياھى يالقۇن يۇتۇپ بولغاي لال.
ئاق چوققىلار زاھىر بولۇپ پىنھاندىن،
ئۇپۇق بىلەن قۇرار سۆھبەت خۇش ۋىسال.
شەپەق ئالغاي غۇنچە لەۋدىن قىزىللىق،
ماڭلىيىڭدىن سۆيگەن چاغدا ئايجامال.
بۇلبۇل قونۇپ دىرىزەڭگە ۋىچىرلاپ،
مۇھەببەتتىن تۆكسە گۆھەر، چاچسا بال.

ئويغىنارسەن راھەت نەپەس ئىلكىدە،
قۇچاق ئېچىپ ئالتۇن كۈنگە پاك خىيال.
ئەتىسىگىنىڭ بولسۇن قۇتلۇق، خەيرلىك،
كۆڭلۈك تەلەي تالىق بولغاي بىمالال.

بالا - چاقاڭ دۇردانىدەك تىزىلىپ،
ئۆتكەي سەھەر سالام بىلەن كۆزۈڭدىن.
قۇچىقىڭغا چىقىپ كەنجەڭ ئەركىلەپ،
شوخلۇق قىلىپ سۆيۈپ كەتكەي يۈزۈڭدىن.
غۇرۇرلىنىپ جۇرئىتىدىن ئوغلۇڭنىڭ،
پەخىرلەنسەڭ ئوماق قىلىق قىزىڭدىن.
ئائىلەڭدە نۇر چايقىسا ساداقەت،
دىلئاراملىق تاپسا مۇشپىق سۆزۈڭدىن.
بالىلارنى مەكتىپىگە ئۇزىتىپ،
گۈل تەسۋىرى كۆرسەڭ ئۆمۈر ئىزىڭدىن.
ئىزگۈ، شادلىق قونغاي، بولغىن خەيرلىك،
شادىمانلىق سەزگىن ھامان ئۆزۈڭدىن.

ئىشىكىڭدىن چىقساڭ تۈنجى نۇر سۆيگەي،
خىزىر سۈپەت بىرسى دېگەي ئەسسالام.
خۇش چىرايلار خۇشخۇي قاراپ يول ئالار،
باش لىڭشىتقان يارانلارغا ئېھتىرام.
يامان كۆزلەر يىراق بولسۇن كۆزۈڭدىن،
باغاشلانغاي سۆيگۈ بىلەن ئەل - ئاۋام.
پىتنە - تۆھمەت كۆيىقاپقا يول ئالغاي،
ئاڭلىغىنىڭ بولغاي ئۇزگەپ، خوپ كالام.
خىيالىڭنى سۇرتسۇن ئوتلۇق شېئىرلار،
لەۋلىرىڭگە قونسۇن ھېكمەت تولغان جام.

بولسۇن تىلەك-ئارزۇلىرىڭ خەيرلىك،
ئىش-كۈشلىرىڭ روناق تاپسۇن دىلئارام.

كەچتە قۇياش يولۇڭغىلا ئولتۇرغاي،
ئۆپۈق تاشلار ئايىغىڭغا پاياندار.
گۈلزار شال ئالدىڭغا ھەم سېلىپ،
سۇۋغا يوللاپ بولغاي ساڭا يارى-ساز.
شەرپىڭنى قۇشلار قوتلاپ يول بويى،
سۇمبۇل سۆزۈك ئېقىن ئىچرە قىلغاي ناز.
تاتلىق تۇيغۇ قۇچىقىدا ئەركىلەپ،
روھىڭ ئەنقاھ بولۇپ ئۇچقاي شاد پەرۋاز.
پەرىشتىلەر قەدەھ تۇتۇپ قەلبىڭدە،
قولىقىڭغا پىچىرلىشار خوش ئاۋاز.
بولسۇن كۈنلۈك سەپەر - كارىڭ خەيرلىك،
خاتىرەڭگە خوپ - خەيرلىك ئىشنى ياز!

يېنىپ كەلسەڭ كۈلكە چىراي ئىشىككە،
كۈلكە - چاقچاق تىنىپ تورغاي ئۆيۈڭدىن.
ئوغلۇڭ يۈگۈرۈپ چىقىپ شۇئان ئالدىڭغا،
چوكۈلدىتىپ سۆيگەي قوچۇپ بوينۇڭدىن.
ئۇماق قىزىڭ باشقىلاردىن تالىشىپ،
ئورۇن ئالغاي كېلىپ ئىللىق قوينۇڭدىن.
راھەتلەنگەي ئاشۇ سەبى يۈرەكلەر،
نەپەس ئېلىپ ئاتىلىق ھىد - بويۇڭدىن.
ھارمىغايسىز، دەپ ھال سوراپ دىلرەبا،
كۆزۈڭدىنلا ئۇچۇر ئالغاي ئويۇڭدىن.
تەڭرىم بەرسۇن ئائىلەڭگە خەيرلىك،
باھار كەزگەي ئۆيدە ئوڭلۇق خۇيۇڭدىن.

دەستىخانغا بىر چىرايلىق تىزىلىپ،
قاچىلارغا ھور ئۆرلىگەن ئاش قويۇپ.
بىر ئائىلە غىزالانساڭ ھوزۇرلۇق،
قان تەپچىگەي چېھرىلەرگە گۈل ئويۇپ.
خوش ئىتىشىپ يېمەكلەرنى ئۆزئارا،
قورساق بىلەن كۆڭۈل، كۆزۈڭ تەڭ تويۇپ.
قولدىن قولغا ئۆتسە پەتمۇس ھۆرمەتتە،
ياقۇت رەڭ چاي چىنىلەرگە قۇيۇلۇپ.
ئالىقانلىرىڭ يۈز - كۆزۈڭنى سىلىسا،
قاش - كىرپىكىڭ كۈلگەي مايدا يۇيۇلۇپ.
بەخت دېگەن ئاشۇ! بولغىن خەيرلىك،
موھتاجلىقتا قالمىغايسەن ئۇيۇلۇپ.

خودا يۈز يىل ئۆمۈر بەرگەي بوۋاڭغا،
شوخلۇق قىلغاي شۇ چاغ يەنە موماڭغا.
موماڭ قاردەك چاچلىرىغا گۈل قىسىپ،
پەيزى تۇتۇپ كۈيلىسۇن ئۆز ئاھاڭغا.
بالىلارنى چىڭ تۇتقۇزۇۋۇپ پېشىڭدىن،
سەن ئىز بېسىپ ئەگەش پەدەر-ئاتاڭغا!
قەترە سۇتىنىڭ قەرزى ئالەم ۋەزىنىدەك،
پەرىزاتتەك كېيىندۈرگىن ئاناڭغا.
ئالتۇن زەنجىر بولغاي نەسلىڭ ئۈزۈلمەس،
ئەقىل، ئۆمۈر، ۋاپا كۈلگەي بالاڭغا.
ئەھلى پۇشتۇڭ بولغاي ئېسەن، خەيرلىك،
غوسسە - غەملەر كىر سالمىغاي ياقاڭغا.

ھايات دېگەن ئەجەب قىسقا ئىنسانغا،
كۆز يۇمىسەن ئايلىنالماي دۇنيانى.

ۋاراقلايسەن چۇشۇپ ئاتەش ئارمانغا،
ئۇزۇپ ئۆتكەن كىم ھەۋەستەك دەرياني،
يەر يۇزىنى كىزىپ چىقماق ئىمكانسىز،
كەڭ تۇتساڭلا يوق كۆڭۇلنىڭ پاياني.
قىلالىساڭ ئۆز قەلبىڭنى تاماشا،
ھەر قەلبتە مىڭ دۇنيانىڭ باياني.
«دىلدىن دىلغا يول بار» دەيدۇ دانالار،
ئالتۇن كۆۋرۇك قىلسا ئۇندا ۋاپاني،
ھەممەيلەنگە ھەممەيلىدىن خەيرلىك،
نۇسرەت سازى تۆكەرشىرىن ناۋاني!



# رۇبائىيلار

ئەگەر خەنجەرچە ئۆتكۈرسەن، ئۇنىڭ مەھكۇم غىلابى بار،
قوياشتەك باقىي شاھ بولساڭمۇ ئاخىر بىر تامامى بار.
مۇيەسسەر بولسا گەرچە تەختى ئىسكەندەرگە تەڭ شەۋكەت،
ئازاردىن قاچ، قىساسىنىڭ ئاقىۋەت بىر ئىنتىقامى بار.

* *

زىلال دەرياغا خەنجەر ئۇرسىمۇ دولقۇن ئۈزۈلمەيدۇ،
قىيان دەرياغا ئەلگەك سالسىمۇ لاي سۇ سۈزۈلمەيدۇ.
پەقەت بارماقلىرىڭ قان بولغۇسى ھەم زەخمىكىڭ سۇنغاي،
قاپاق چۆمۈچكە زەر تار سالسىمۇ مەڭگۇ تۈزۈلمەيدۇ.

* *

بۇرادەر، بۇ جاھان ئۆتكۈنچىدۇر، دەۋرانىلىق سايە،
ئەمەل - مەنسەپكە شەيدالىق قىلار ئەرنى پىتەك - پايە.
قارا، تارىخ چۆلىدە تاج - تونلارنى قويۇن ئوينار،
ئەقىل، ئۆمرۈڭنى بار ۋەسلىڭ بىلەن قىل ئەلگە دەسمايە.

* *

قولۇمغا چىقسا مەي جامى بولۇركى بەرگى كىرپىك نەم،
يۈرەك بىر ئاتەشتىن ھىجران ئارا كۆل بولغىسىدۇر ھەم.
گويا مەي جامىغا تولغان كەبى مەي ئەھلى دۇنيانىڭ
جىمىكى قايغۇسى بۇ ناتىۋان قەلبىمگە بولغاي جەم.

* *

مانا ئىشرەت شىرەسى ئۈستىدە ئالىي شاراب تەييار،
كۆلەر خوش نازلىنىپ مەستلەرگە ئاي يۈز، گۈل بەدەن دىلدار.

www.uyghurkitap.com

سىلەرغۇ مەي كۈچىدىن ھەممىنى بىردەك ئۇنتۇدۇڭلار،
نېچۈنكىم، ئاھ مېنى قانداقتۇ بىر ھېس ئوتبولۇپ قىينار.

*　　　*

سەن ئەگەر ئالتۇن تاۋاقنىڭ ئۈستىگە تېزساڭ تېزەك،
ھەم ئاڭا بالۇ ـ مۇرابىا سۈركىسەڭ، چاچساڭ كېزەك.
بولما ئاۋارە، ئۇنىڭدىن كەلمىگەي خوشبۇي ئەبەد،
زەرنى پاتمانلاپ نىجاسەت كۆمسىمۇ ئۇ زەر دېمەك!

*　　　*

مەن سېنىڭ شاھىڭ، دېدى ئات ئۈستىدە ئالتۇن ئىگەر،
ئات غەزەپلىك سىلكىنىپ چۈشتى ئىگەر، تاپتى خەتەر.
ئات خۇشال چاپچىپ بېرىپ ئازگالغا مۇدۇرۇپ ئۈزدى جان،
مەن دېدىم: يىگانە شاھىمدۇر تەبىئەت ـ ئانا يەر.

*　　　*

دىلىمغا كۆن كەبى سالغاچ ئىلىمنى،
ئىلىم تاڭدەك يورۇتتى بۇ دىلىمنى.
مېنىڭ گەپ-سۆزلىرىمنى قىلما تەپتىش،
دىلىم باشقۇرغىسىدۇر بۇ تىلىمنى.

*　　　*

ئۆزۈمنىڭدۇر ئۆزۈمگە خوب ناۋايىم،
بۆلەكتۇر دەسسىگەن يەر ھەم ھاۋايىم.
باھايىمنى بازارغا سالما ئارتۇق،
ئۆزۈمنىڭ ۋەزنىدە نەرخ ـ ناۋايىم.

*　　　*

مېنى ئالتۇن دېسەڭ ئالتۇن ئەمەسمەن،
مېنى يالقۇن دېسەڭ يالقۇن ئەمەسمەن.
ئۆزۈمنى سىز مېنى سىزماقچى بولساڭ،
«ئېلىپ» مەن، جىسمى ئەگرى «نۇن» ئەمەسمەن.

1980-يىللار، ئۈرۈمچى.

## ئەركىن شېئىرلار

### «تېيىپجاندىن ئۆتۈپ كېتىمەن»

قۇلاق سېلىڭلار كۆڭۈل گېپىگە،
مەن كىرىپ كەلگەن شېئىرىيەت سېپىگە.
«تۇگىمەس ناخشا» نى ئوقۇپ دوم يېتىپ،
يادىغا ئېلىپ.
جۇشقۇن بىر شېئىري روھ چۇلغاپ دىلىمنى،
گۆدەكلىك كەمىرىدە باغلاپ بېلىمنى،
دەپ تاشلىغان مەن:
«تېيىپجاندىن ئۆتۈپ كېتىمەن.»
ئەمدى ئويلىسام ئاشۇ گېپىمنى،
ئۆزۈمگە ئۆزۈم كۈلۈپ كېتىمەن.

شېئىرىيەت دالىسىدا يۈگۈردۈم ئون يىل،
ئۇ هارماس شائىرنىڭ قوغلاپ كەينىدىن.
ئۇمۇ كېتىۋەردى داۋانلار ئاتلاپ،
يېتىشىۋالسۇن دېمەي، يانماي پەيلىدىن.

ئىزىدىن ئۇچراتتىم رەڭمۇ رەڭ گۈللەر،
كۆكسۈمدە شۇ گۈلدىن تۈزگەن گۈلدەستە.
ئاھ، بۈگۈن هەيرەتتە تىكىلسەم ئاڭا،
سەزدىم مەن ئۆزۈمنى تۇمەن گەز پەستە.

«تېيىپچاندىن ئۆتۈپ كېتىمەن»
بۇ گەپتىن راستىنلا كۈلۈپ كېتىمەن.

بۈگۈن ھەم بولماقتا شۇ گەپ ھەر جايدا،
دەسلەپ چىچىلدىم ئاڭا بىر ھازا.
كېيىن ئەقىل تارازىسىدا مىسقاللاپ كۆرسەم،
ئۇ ئىكەن شائىرغا بەرگەن ھەق باھا!
بىز تۇغۇلماستا بولغان گەپكەن بۇ،
ئۇكىلار شۇ گەپنى قىلماقتا بۇدەم،
ھە، بىزمۇ ئاشۇنداق دېگەن ئىدۇققۇ؟!
شۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشەندىم ھازىر،
بۈگۈنلا ئەمەس،
ئەتە ھەم بولىدۇ شۇ گەپ مۇنازىر.

دېمەككى، نەزمىگە دىلى كۆيگەننىڭ
روھىدا ياشايدۇ بۇ يارقىن ئوبراز.
ئۆزۈمگە ئۆزۈم قىلىمەن خىتاب:
ئەي، شائىرچىقىم،
ئەگەر نەزمەڭنى ئەل سۆيسۈن دېسەڭ،
شۇ ئاتا شائىردەك راۋان، چۈچۈك ياز!

«تېيىپچاندىن ئۆتۈپ كېتىمەن»
بۇ گېپىمگە كۈلۈپ كېتىمەن.
ئۆتۈپ كېتىمەن دېگىنىڭ ھېچ ئەيىب ئەمەس،
شۇنداق بىر روھ بولماي يەتمىكىڭمۇ تەس.
بولسىغۇ ئېشىپ كەت، يۈزمىڭ ئاپىرىن،
يېتىشىۋالساڭمۇ ئىشىڭ مۇقەددەس!
1988-يىل ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى.

# يول

چەكسىز ئالەم،
ھېسابسىز ئادەم،
رەڭمۇ رەڭ ھايات.
خىلمۇ خىل خۇلۇق،
تۇمەن مىڭ مىجەز،
ئۆزگىچە خىيال، ئۇمىد، ئېتىقاد!

يوللار، ئەي يوللار...
ئۇزۇندىن ئۇزۇن.
ساناپ بولماس،
شۇنچىلىك نۇرغۇن.
زېمىننى گەر بىر تەخسە دېسەك،
يوللار بىر تەخسە لەڭمەندەك.
بىر - بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن،
كېسىشىپ ئۆتكەن.

لېكىن، قايسى يول بىلەن،
ماڭايلى قاياققا،
ئايرىلىپ كېتەلمەيمىز ئانا زېمىندىن.
كىم قايسىنى خالىسا،
ماڭىۋەرسۇن خالىغىنىدىن.
توسمايلى ئۇنى،
ئۆزىنىڭ يولى!

مەن سېنى «ئۇنداق» دەپ،
سەن مېنى «مۇنداق» دەپ،
تاپماقچى ئىدۇق زادى نېمە نەپ؟!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بىر ئېغىزلا گەپ:
ياشاپ-ياشاپ
كېتىمىز ئاخىرى بىر-بىرلەپ.

ئۆلمەيدۇ ھايات،
قالىدۇ تارىخ،
ياشايدۇ ئەۋلاد.
ھاياتىمىزدىن،
ئىش-ئىزىمىزدىن،
نەسلىمىز بىر كۈن
قىلار ھېسابات!

## خويمۇ زېرىكتىم

كۈندە ئۈچ رەت ئۆتىمەن مۇشۇ كوچىچە،
(ئۆيگە يولۇم شۇ ئىكەن ئامالىم قانچە؟)
بىر كۆز سېلىپ قارىغا كوچىغا دوستۇم،
بۇ بېشىدىن ئۇ چېتىگىچە.
ئولتۇرىدۇ بىر قانچە خوتۇن،
غۇژمەك بولۇپ قۇرۇق گەپ سېتىپ،
زەي سالمايلا پاختىنى ئېتىپ.
ئۆتكەنلەرنى بىر-بىر باھالاپ،
قانغۇچە غاجاپ.
ھۇزۇرلىنىپ غەيۋەتلىرىدىن
كېتەر تېخى راسا قاقاقلاپ.
ئەتىگەندە باشلانسا غەيۋەت،
داۋام قىلار زاۋال كىرگىچە،

تۇگىمەيدۇ ھەتتا كېچىچە.
ئۆيلىرىدە قىلىدىغان ئىشى يوقمىدۇ؟
بالىلىرىغا ئېتىدىغان ئېشى يوقمىدۇ؟
خويمۇ زېرىكتىم،
خويمۇ تېرىكتىم!

سۆز بولمىغاي يا مىللەتنىڭ ئىستىقبالىدىن،
نە ئۇلاردا غەم ۋەتەننىڭ ھۆر ئىقبالىدىن،
پاراڭ بولماس ئەۋلادلارنىڭ گۈل نىھالىدىن،
پەقەت ھەسەت تېپىلىدۇ بار خىيالىدىن.
خوش يامايدۇ ئۇلار ئۇچۇن خەقنىڭ ئۇتۇقى،
يامان گەپكە خۇشتار بولۇپ كەتكەن قۇلىقى.
دەيدىغان گېپى:
— ئانى قارىغا؟
— ھوي، ئەجەبكىنا؟
— ئاۋۇ بەك سەت ماڭىدىكەن دوكتەك ئېگىلىپ،
— ھى، ھى ... توۋا، ئا ئۆزىچە قاپتۇ ھىجىيىپ.
— ئانىڭ كىيگەن كىيىملىرى سوپسوپىياڭ،
— ۋىيەي، سۆلىتىنى،
— قىتىۋاپتۇ تاڭ؟
— كىم بىلمەيتتىكى.
— ما قېرى قىز تېخى بارمۇ؟
— ئەر چىقمىغان گەپ.
ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن بۇ جايدا پەقەت شۇ پاراڭ،
ئۆيلىرىدە قىلىدىغان ئىشى يوقمىدۇ؟
بالىلىرىغا ئېتىدىغان ئېشى يوقمىدۇ؟
يا «ھەي خوتۇن ... !» دەيدىغان ئەر كىشى يوقمىدۇ؟
قىلىسچۇ ئۇيات،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بۇ ئالەمگە ئىككى ئەمەس بىر كېلەر ھايات.
يامان گەپنى تاشلاپ قويۇپ ئاشۇ پېتىچە،
شاپاق دوپپا بولسىمۇ قىلىسىچۇ ئىجاد.
خويمۇ زېرىكتىم،
خويمۇ تېرىكتىم!

## «ۋاپا»

«ۋاپا، ۋاپا!
ئىنسان ئۈچۈن شۇنچە بىباھا»،
ئېيتىمىز ئايەتتەك تەكرار دائىما.
بۇ ئۇلۇغ ئايەتنىڭ سېھرىي كۈچىدىن،
بولىمىز رام.
ناتونۇش نەرسىلەرگە چەكسىز مەھلىيا.
قاراپ بېقىڭلار!
ھەر دوقمۇشتا بار:
«ۋاپا» ۋىۋىسكىسى ئېسىلغان بوتكىلار.
رەتمۇ رەت تىزىلغان رەڭدار قاچىلار،
ئۈستىگە چاپلانغان مۇنداق ماركىلار:
«ۋاپا، ۋاپا،
ھەقىقىي ۋاپا،
كەۋسىرى ۋاپا!
دەردىڭگە داۋا، رەنجىڭگە شىپا!»
ئالدىراش ئالىمىز قوللىرىمىزغا،
تاقەتسىز ھادا،
سۈمۈرىمىز غورتىدە ئاشۇ ئاندىلا.

بىلىمىز تەمىنى ئىچكەندىن كېيىن،

ئەھۋالىمىز بولغاندا قىيىن.
دەيمىز دە:
«ۋاي، ھەسرىتا، ھە، مانا،
قورسىقىمنىڭ مۇشۇ يېرىدە
ئۆرگىلىدۇ ئون پىچاق،
تولغىنىمەن، ئاھ خۇدا ...
ئىچىمىسەم ئەسلىدە نېم بولار؟
ئەزرائىلغا جان كېرەك،
يېرىلماقتا بۇ يۈرەك،
قېرىنداشلىرىم،
ئانا يۇرت - ۋەتىنىم ئەلۋىدا!»
ئەي زامانداش — دىلرەبا،
سىزگە ئېيتاي شۇنىلا:
ئالداشمايلى ئۆزئارا،
قەستلەشمەيلى ئۆزئارا،
بولۇشمايلى دىل قارا!

## كاككۇك

كاككۇك، كاككۇك ...!
ئاھ، نېمانچە يۈرەكنى ئېزىدىغانسەن؟
مۇڭلۇق ناخشاڭنىڭ ئىزھارى بىلەن.
قايسى تەقدىر سەن بىچارىنى
ۋىسال گۈلشەنىدىن ئايرىۋەتكەن؟
بىتاقەت كۆيلىگەن مۇڭ-زارلىرىڭغا
چىدىماي سىمابتەك ئېرىپ كېتىمەن.
خۇناپ تولغان قەدەھتۇر كۆكسۈڭ،
تۆكىلەر تىلىڭدىن مەجنۇن تالغا قان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەن هامان قان قۇسۇپ سالىسەن پىغان.
قايغۇلۇق ناخشاڭنى توختاتقىن - توختات!
ئاھىڭدىن كۆل بولاي دېدى بار ھايات.
ئازراق ئارام ئال!
ئۈنتۈلسۇن پەرياد.
جېنىم كاككۇكۇم،
ماڭا ئايان ھايات كەچمىشىڭ،
روھىم قېيىقىنى غەرق ئېتەر يېيىشىڭ.
مۇشتۇمدەك جىسمىڭدا ئالەمچە ئارمان،
قانداق سىغدۇردۇڭ؟
شۇ ئارمان تاغلارغا چۈشسىدى ئەگەر،
كۇمپەيكۇم بولاتتى،
تاشاتتى ۋولقان.
سەن تاشمىدىڭ، سەن يېرىلمىدىڭ...
چۈنكى، سەن چىڭ بەرداشلىق ئىدىڭ.
پىغانىڭنى باس
(يىغا بىلەن ئىش ھاسىل بولماس.)
تېپىپ كېلەي ئىستەكلىرىڭنى،
جېنىم پىدا، ئەھدىم يوقالماس.

## بارماققا قارا!

قارا، جان دوستۇم،
مۇنۇ بەش بارماق،
شۇنچە ئەپچىل، شۇنچىلىك ئوماق.
قولنىڭ زىننىتى،
چوڭدۇر خىزمىتى،
بىر - بىرىگە ئوخشىماس بىراق.

ماۋۇ ئۇزۇن،
ماۋۇ قىسقىراق.
بىر بارماقنىڭ كارى چاغلىق نېمە، دېمىگىن،
زەخمىلىنىپ چىقىپ كەتسە ئەگەر بىر تىرناق،
ئىشىمىز چاتاق!
ئۇزۇننى ئۇزۇنكەن، دەپ ئۇزۇپ تاشلىساق،
قىسقىنى سوزۇپ يۇرۇپ يۇلۇپ تاشلىساق،
بولىدۇ قانداق؟
قېنى ئويلاپ باق،
ئۇزاق ئويلاپ باق!

## زاماندااشلارغا

يەلكىمىزدە ئەسىرنىڭ يۈكى،
ئەسىرىمىزدە ئەسىرلەر يۈكى!

***

قارىغىنا،
تېخى ئاخشاملا
بۇرۇتى خەت تارتمىغان بالا،
بولۇپ قاپتۇ ساقال باسقان ئەر،
بويىنىدا بالا.

زىمىستان ...
ئۇ كېلىدۇ ئوغلىنى يۇدۇپ،
ماڭلىيىدا چىلىق - چىلىق تەر.
قارلار تۆكىلەر،
جۇدۇن تىغ سۇرەر.
پەرزەنت تىنىقىدىن چېچىلىدۇ ھور،

كۆزلىرىدە پارلايدۇ ھۆكەر!

ئاتا مېھرى تەڭدۇر پەلەككە،
پەرزەنت ئۇندا ئۇزگەن تولۇن ئاي.
باقسام ھەر چاغ ئاي بىلەن كۆككە،
قۇياش يالقۇن تاشلار يۇرەككە.
ئاھ، نېمانچە گۈزەل تىلەك ـ ھە،
قار ئەمەس نۇر ياغسا چىچەككە...

ئېسىمدە، ئاتام
مەكتىپىمگە ئاپارغان شۇ كۈن.
ئۆتتى يىللار، مەنمۇ ئوغلۇمنى
ئېلىپ ماڭدىم شۇ يولدىن بۈگۈن.
ھايات شۇنداق،
ھايات زەنجىردەك،
تىلەكلەرنى قۇچىدۇ تىلەك.
يۈرەكلەرگە سىغىدۇ يۈرەك.
مەن بىر يولچى،
غايەم يولۇچى.
مەن دەۋرانغا شاھىدمەن،
ئىخلاس:
ئەگىشىدۇر ئوغلۇم ئەتىنىڭ،
ئۆگۈن چوقۇم نەۋرەمگىلا خاس!
يەلكىمىزدە ئەسىرنىڭ يۈكى،
ئەسىرىمىزدە ئەسىرلەر يۈكى،
كۆكسىمىزدە تاڭنىڭ يۈرىكى!
سەپەر مۇشكۈل،
ھاڭلارمۇ غايىب،



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئىلىم بىلەن نۇرلانساق تولۇق،
بىز زەپەردەس!
بىز چوقۇم غالىب!

## ئەسسالام ياپراق

— ئەسساللامۇئەلەيكۇم يېشىل يوپۇرماق،
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام چىرىگەن ياپراق.
بىر تۈپ دەرەختە،
بۇ ئىككىسى كۆرۈشتى شۇنداق.
— قاچان كەلدىڭ هوي،
يېشىل رەڭگىروي؟!
— كۆزۈڭنى ئاچ، جۆيلىشىڭنى قوي!
— ئۇخلاپ قاپتىمەندە چۈش كۆرۈپ ئۇزاق،
ئۆتتى قانچە ۋاق؟
— باهار ئۆتۈپ كەلدى ياز - تومۇز،
— راست ئۇخلاپتىمەن.
— هەئە ئۇخلىدىڭ،
ئۇخلىغاندىمۇ مەهكەم يۇمۇپ كۆز.
ئۇخلاپتىكەنسەن،
گويا ئۆلۈكتەك،
ئەمدى كىرىپ كەلگەندە كەچ كۈز.
سەن توياتتىڭمۇ؟
تەبىئەت سالدى زۇمرەت رەڭ تونىنى،
ئالتۇن رەڭگە كىردى دالا - تۈز.
دەريالار يۈزىدە قاتتى قىلىن مۇز.
«قايان كەتتى تەڭتۇشلەر؟» دەمسەن،
كىردى ئانا زېمىن قوينىغا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

يىلتىزنى قۇچتى،
روھى بولدى نۇرانە يۇلتۇز.
سەن دىرىلداپ قار باسقان شاختا
ئۇخلىدىڭ يالغۇز.
ئۇلار بىزگە بەردى ھاياتلىق،
نەۋ باھاردا تۇغۇلدۇق بىز ئۆز!

## كېرىيە قىزى

تېلېۋىزور ئالدىدا ئالەم نامايان،
كۆرمەكتىمىز دۇنيانىڭ ھەر يەرلىرىنى.
ھەر ئەل چىقىرىدىكەن ئېكران ئالدىغا،
ئۆزىنىڭ ئەڭ گۈزەل دىلبەرلىرىنى.
پاھ، ھىندى گۈزىلى، ئەرمەن پەرىسى،
ياۋروپا ھۆرلىرىنىڭ خۇش بېقىشلىرى،...
ئاھ قانداق يالقۇنلۇق ناز كەرەشمىسى.
كەچۈرۈڭ، كەچۈرۈڭ ئۇنىڭ ھەممىسى
مەن ئۈچۈن بەھرىسىز، نېمە پايدىسى؟!
مېنىڭ سۆيگۈم كۆكىنىڭ يېگانە نۇرلۇق يۇلتۇزى،
يىراق تەكلىماكاندىكى كېرىيە قىزى!

كېرىيە!
بۇ نامنى ئاڭلىغانمۇ سىز؟
— قۇم بارخان كۆتۈرگەن يېرىم جاڭگال يەر.
— بەس! كۆرمەي كۆز بىلەن سۈرمەڭ خام خىيال،
ئۇ قۇملۇق قوينىدىكى يېشىل ئەڭگۈشتەر.
ئاھ، بۇندا ئېكرانغا چىقمىغان ھۆرلەر،
جەننەتكە كىرسە گەر پەرىشتىلەر لال.

شۇ پەرھاد بولسىدى، ئۇ ئاشىق يىگىت
قاراپ تاڭ قىلىپ،
چىشلەپ قان قىلاتتى قولىن ئېھتىمال.
شېرىنچۇ؟
بۇ گۈزەل قىزلار ئالدىدا،
قالاتتى يۈزىدىن ئاچالماي رومال.
مېنىڭ كۆڭلۈم بېغىنىڭ كىرسىز قىرمىزى
يىراق تەكلىماكاندىكى كېرىيە قىزى!

پاك توپا زەررىسى قونان كىرپىكلەر،
تېگىدە شۇنداق بىر كۆزلەر ... يانار نۇر.
نىمكەش ئەتلەسلەر ئىچرە پاك تەنلەر،
غۇبارسىز يۈرەكلەر ئىللىق ھەم مەغرۇر.
ھىلال ئاي قاشلىرىڭغا قىلىدۇ سەجدە،
ئاھ، ئۇنىڭ يالقۇنلۇق لېۋىگە چوغلۇق
ئەيمىنىپ باقىدۇ، ئالىدۇ ھۇزۇر.
تالى مەجنۇنلاردەك قۇندۇز چېچىڭغا،
بىتاقەت ئۈزىنى ئۇرىدۇ شامال.
سابالار بويىدىن ئېلىپ قاچقان ھىد،
خوتەن كېپىكىنىڭ ئىپارى ئىرۇر.
ساداقەت جىلۋىسى يورۇتقان روھى
يۈرۈڭقاش چايقىغان پاك قاشتېشىدۇر.
گۈزەللەر ئالىمىدە ماڭا ئەڭ ئۆزى.
يىراق تەكلىماكاندىكى كېرىيە قىزى.

## تىلەك ۋە يۈرەك

ئېھ، جېنىم نىگار،
مەن ساڭا ئاشىق،

شەيدا بىقارار!

يۈرىكىمدە ئاتەشلىك تۇيغۇ،
كىرپىكلىرىم نەم،
تۈنلەر يوقتۇر كۆزۈمدە ئۇيقۇ.

ئايغا قاراپ يىغلاپ زار ـ زار،
كۈنگە قاراپ يىغلاپ زارى ـ زار.
جامالىڭنى خىيال قىلىمەن،
خىيالىمنى ۋىسال قىلىمەن،
بولمايسەن ئىزهار.
تەلپۈنىمەن، تەلمۈرىمەن،
ۋۇجۇدۇمدا ھۆركىرەيدۇ نار.

تاغ ـ تاغلاردىن ئىزدەيمەن سېنى،
باغ ـ باغلاردىن ئىزدەيمەن سېنى.
دەشتۇ چۆلدىن ئىزدەيمەن سېنى،
دەريا ـ كۆلدىن ئىزدەيمەن سېنى.
بولمايسەن ئىزهار،
مەندە زادى نېمە ئېۋەن بار؟!
ئىزدەيمەن سېنى،
ئويلايمەن سېنى،
ئويلايمەن سېنى،
چوقۇم تاپماي قويمايمەن سېنى!!!
بولۇپ كەتكەن بولساڭ پەرىشتە،
ئۇچرىتارمەن سېنى ئەرشتە.
ئەگەر بولساڭ زېمىندە ئىنسان،
سېنى ئىزلەپ تاپىمەن ھامان.



ئۇيغۇر كىتاب تورىكى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

***

ئاھ يۈرىكىم،
ئاھ يۈرەك.
تېپىرلايسەن بەك،
قۇش قەپەستە تېپىرلىغاندەك.
ئېتىسەن تېپىچەك،
مىسالى بوۋاق
زاكىسىدا تېپىچەكلىگەندەك.
داۋالغۇيسەن، دېڭىزدا
بوران سوققان قېيىقتەك.
ئۇرىلىسەن تولىنىپ،
شىشىدىكى بېلىقتەك.
بولماس شۇنى يوشۇرۇپ،
يولۋاس كەبى يۈرگۈڭ بار.
ئۇپقۇنلاردا ئۈزگۈڭ بار،
خۇددى بوران قۇشىدەك،
چاقماق چاققان سامادا
بۇلۇتلارنى تۈرگۈڭ بار.
ئاھ، يۈرىكىم،
ئاھ، يۈرەك!
ۋۇجۇدۇڭدا شۇتىلەك!
ئۇندىن باشقا نە كېرەك؟!
شۇ ئاتەشتە كۆيىسەن،
كۆيۈپ - كۆيۈپ كۈلىسەن.
شامدەك ئېرىپ ئاقىسەن،
نۇر كۆزۈڭدە باقىسەن،
ھەل بولارمۇ مۇرادىڭ،
گۈل ئاچارمۇ ۋىسالىڭ؟

ئاھ، يۈرىكىم،
ئاھ، يۈرەك!
ئايدىن گۈزەل كېلىنچەك،
تاڭدا كۈلۈپ كەلگۈدەك.
باغلار تۈتتى گۈل - چېچەك،
دېڭىزلاردىن دۇر بېزەك.
شۇنداق بىر توي بولغۇدەك،
ساز باشلىدى كېلەچەك!

## بىلەلمىدىم

ئېشىكىمنى مىنىسەم،
ئۇۋال جانىۋارغا دېدىڭ،
مىنمەي يۈرسەم،
باققانمىدىڭ بىكارغا دېدىڭ؛
يۈدۈپ ماڭسام،
چىقتى ئەقلىڭ ناكارغا دېدىڭ؛
بىلەلمىدىم،
سەن نېمىگە ئىنتىزار ئىدىڭ؟

## كىم كۆرۈپتۇ؟

ئەزرائىل كۈلەر،
ئاتا ئۆرتىنەر،
ئانا سىلكىنەر
ئاچچىق تولغاقتىن.
كۆزلەر چاچراي دېدى چاناقتىن،



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

نەپەس ئۆكسۈپ قالدى دىماغدىن،
ئەجەل پۇراپ كېلەر يىراقتىن.
ھەيھات، ئاشۇ چاغ
«ئىگە» بىلەن تۇغۇلدى بوۋاق.
توققۇز ئاي ئۇن - تىنسىز ياتقان قورساقتىن.

بوۋاق شۇنداق يىغلاپ تۇغۇلدى،
تۇغۇلدىيۇ، دەل ئاشۇ سائەت
زاكىسىغا مەھكەم بوغۇلدى.

قايسى بىر ئەرنىڭ،
قايسى دىلبەرنىڭ
ئۇستىدە كىم زاكا كۆرۈپتۇ؟
1985-يىل دېكابىر، ئۈرۈمچى.

## مەندىكى تىلەك

ئاي نۇرىدىن يىراقلىغانچە
ئۇزاپ بارغان سايەمنى كۆرۈپ؛
مەستانىلارچە
كەتمەيمەن كۈلۈپ.
بولغانغۇ تالاي:
«ھە!» دەپ قويسا ھېچبىر ئويلىماي،
(ئاق نۇر تامغان كۆككىمۇ باقماي)
سۇزىمەن دەپ ئاينى دەريادىن
كەتكەنلەر چۆكۈپ.
مەندە باركى، بىر ئاتەش يۈرەك،
شۇ يۈرەكتە بىر ئالىي تىلەك،

ئۇ ئەمەس،
ئەمەس ئۇ
ئەپەندىم ئىچەلمەي غاز شورپىسىنى،
غاز چۈشكەن كۆلگە نان چىلاپ يېگەندەك.

## مەرھۇم بوتۇلكا

بۇلدۇقلىتىپ ئىچتى ھاراقكەش،
تۈگىدى شاراب.
جاراڭشىپ چېقىلدى چىرايلىق شىشە،
(مىڭ پارە بولۇپ)
ياتار ئەنە ئېغىر مۇڭسىراپ.
لېكىن بىچارە،
ئېھتىياتسىز چۈشۈپ كەتتىم دەپ،
تىرنۇالغاي چوقۇم ئىگەم دەپ،
مەستنىڭ كەينىدىن تەلمۈردى شۇ تاپ.
ئەمما ھاراقكەش
كەتتى بۇندىن پەرۋاسىز ئۇزاپ،
پەرياد كۆتۈردى بوتۇلكا يىغلاپ.
ئاھ، شۇ ئەسنادا،
سامادىن كەلدى بىر سادا:
— مەھرۇم بوتۇلكا!
ئۆزۈڭدە گۇناھ.
ساراڭلىق سۈيىنى ساقلىدىڭ ئۆزۈڭ،
بەدبۇيلىقىدىن سەسكەنمەي ھەتتا.
ئۇ ئىچتى، پەيزىنى سۈردى،
سەن سىندىڭ،
مەيخورغا شارابسىز سەندە نە پايدا؟

بولغان بولساڭ ھەسەل قاچىسى،
ياكى مۇرابىا،
تەقدىرنىڭ بولماس ئىدى مۇنچىلا!
ئۆزۈڭدە گۇناھ،
ئۆزۈڭدە گۇناھ!

## مۇئەللىم

كۇللىيات تىلسىمات، تەپەككۇر غالىب،
كەڭ پىكىر ئادەمگە ئالەممۇ تەسلىم.
ئىدراكىنىڭ ئالدىدا سىرلار چېكەر لال،
بۇ سىرلىق دۇنيا سىردۇر ھەم ۋەسلىم.
ئاھ، غايىب سادالار، زاھىر ناۋالار
دىل تولدى بىر نادىر سىمفونىيىگە،
يۈرەكتىن جۇشلاندى بىر ئوتلۇق ئېقىم.
كۈي - كۈيلەر كەلمەكتە يەردىن، پەلەكتىن:
ئېھتىرام ئەجرىڭگە ئەزىز مۇئەللىم!
ھىلال ئاي ئېگىلىپ بەرمەكتە سالام!
قەدرىڭدۇر ئاسماندىن ئېگىز مۇئەللىم!

كۆك سۆيگەن چوققىلارنىڭ ئاپئاق چېھرىدە
بوۋامنىڭ سەن ئۇچۇن تەبەسسۇمى بار.
قۇياشنىڭ ئانامدەك ئىسسىق مېھرىدە،
مۇئەللىم ئەجرىڭگە مۇبارەك ئىزھار.
ئەجدادنىڭ سەھەرگە كۆيگەن ھىجرىدە
ئەۋلادلار بەختىدىن بالقىيدۇ باھار.
پاك ساپا تىرىكلەر ھالال لەۋزىدە
قەسىدەڭ قوشۇلۇپ ئاقار ئىپتىخار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قۇت قۇچقان ئەتىنىڭ تاڭدەك ھۆسنىدە
گۈل تۈتۈپ كېلىدۇ تالاي ئىزباسار.
مۇئەللىم! ھۆرمەتلىك ئىنسان سەن ئۇلۇغ،
سەن ھايات كۆزىنى پارلاتقان يورۇق.

سەن ئازماس رەھنىما،
سەن قۇرئەندازىم،
سەن مەڭگۈ ئۇستاز سەن ماڭا ئۇستازىم.
چوققىلار ھەيۋىتى، پەلەك شەۋكىتى،
بولسىمۇ قولۇمدا ئالەم نۇسرىتى
ئالدىڭدا ئېگىلىپ قىلىمەن تەزىم.
ئالدىڭغا بارغاندا بىر گۆدەك ئىدىم،
گىياھسىز ئېتىزغا ئوخشايتتى دىلىم،
ئەجرىڭدىن گۈل قىسقان باھارىم - يازىم.
سەن بەرگەن ھېكمەتتىن قاناتلار ئېلىپ،
يۈكسەلگەن شۆھرەتلەر قۇچقان پەرۋازىم.
مەن بولدۇم ئەل سۆيگەن ئۇيغۇر شائىرى،
خەلقىمنىڭ ۋىجدانى بولدى ئاۋازىم.
كىم مېنى ئەيلىگەن شۇنداق مۆھتەرەم،
ئەھ، كىمنىڭ قولىدا سازلانغان سازىم؟
سەن مېنىڭ يېتەكچىم، باشچىم، سەرۋازىم،
مەن مەڭگۈ سەجدەڭدە تۇرمىقىم لازىم.
سەن بولماي ھاياتلىق بولاتتى قارغۇ،
بىلەمتۇق قانچىلىك گۈزەل سەھەر - تاڭ؟!
بېشىمىز تەگمەتتى خادا تاشلارغا،
تەنلەرنى تەۋشىسىز يۇتار ئىدى ھاڭ.
سۆزلىرىڭ قۇلاقتىن سەمرىتتى بىزنى،
بولمىساڭ بولاتتۇق جەزمەن گاچا - پاڭ.

ئەقىلدۇر ئىنساننىڭ هايۋاندىن پەرقى،
بولاتتۇق سەن بولماي بىر دەلدۈش، گاراڭ.
غەرەزسىز، شەپقەتسىز بولاتتۇق بەلكى،
بەجايى گاھى ئوك، گاھىدا ساراڭ.
بىلمەس ئىدۇق ئاھ،
نېمىلەر مۇزىكا، نېمىلەر شېئىر،
نېمىلەر خۇش ۋىسال، نېمىلەر بەرهال،
نېمىلەر جاھالەت، نېمە ئىستىقبال،
نېمىلەر سەت هاڭداش، نېمە خۇش ئاهاڭ؟

سالام! ئەي هاياتقا رەهنىما ئادەم،
ئېيتقىنا، شەنىڭگە نېمىلەر يازاي.
قۇياش دەي،
قۇياش سەن خۇنۇك دىللارغا،
نادانلىق زۇلمەتى سەندە يورۇغاي.
قۇياشتىن ئارتۇق سەن،
چەكسىز مېھرىڭنىڭ
هەر زەررە تەپتىدە يۈز قۇياش، ئايهاي!
هەر قەلبى بىر جاهان، ئۆزگە بىر دۇنيا
ئۇندا سەن پارلاتقان قۇياشلار بولماي،
يورامدۇ كۆڭۈللەر بولۇپ تولۇق ئاي.
شۇ نۇرسىز قەلبنى نېمە دېگۈلۈك،
ئاشۇ نۇر،
شۇ نۇردا يورۇغاندا دىل،
هەر ئىنسان ئۆزىنى ئاندىن تونۇغاي،
كىشىلىك بەختىنى بىلگەي ۋە تاپقاي.

ئېھ، ئۇستاز!

بۇ تەرىپ ساڭا يەنە كەم،
پەقەتلا نۇر بىلەن گۈللىمەس ئالەم.
نۇرى بار، سۈيى يوق زېمىن قاقاسقۇ،
ھەي، ئۇنداق قەلبنى ئويلىماق ئەلەم.
زېمىنىڭدىن ئۇرغۇيدۇ تۈمەنلەپ بۇلاق،
ئۆزۈڭسەن تاشقىنلىق ئەزىم دەريا ھەم.
ئاقىسەن، ئاقىسەن دىللارا تىنماي،
مەردلىكتە تەڭ ئەمەس ساڭا مىڭ ھاتەم.

سەن شۇنداق رىياسىز ھالال ئىنسان ـ پاك!
ھېچقاچان ھېچكىمدىن كۈتمەيسەن چاۋاك.
ئىپتىخار سېزىسەن، پەخرىڭمۇ ئاشۇ
بەھرىڭدىن تەبەسسۇم تاپسا لېۋى چاك.

باغ ـ باغدا بۇلبۇل كۈي تۆكمەكتە ساڭا،
بالىلار كۆكسۈڭگە گۈل تاقىماقتا.
مومايلار سۆيمەكتە قولۇڭغا ئىللىق،
بەختىنىڭ لېۋىگە تەگىدى ماڭلىيىڭ،
يۈرەكلەر بەختىڭنى كۈيلەر يېقىملىق.

ئۇستازىم! نېمەمنى سۇناي تارتۇقلاپ،
ئەجرىڭگە ئالتۇندىن ھەيكەل ياسايمۇ؟
بوينۇڭغا يۇلتۇزنى ئېلىپ ئاسايمۇ؟
قۇياشنى تۇتايمۇ ياكى قوش قوللاپ؟
ئويلىسام پەقەتلا مۇمكىن ئەمەسكەن،
ۋەسپىڭگە مۇناسىپ ھەيكەل تىكلىمەك.
يۇتۇپتۇ نامىڭنى قىلىپ زەر ھەيكەل،
قۇياشلىق مېھرىڭگە چۆمگەن ھەر يۈرەك.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

يۇلتۇزمۇ بىھاجەت ئىكەن سەن ئۈچۈن،
بولغاچقا ھۆرمىتىڭ بۈيۈك ئاسماندەك.
ئۇلۇغلار ئۇلۇغى سەن - سەن ئۇستازىم.
ئالدىڭدا ئېگىلىپ قىلىمەن تەزىم.

## شۇنداقلارمۇ بار...

توۋا!
شۇنداق ئادەملەرمۇ بار:
ئالىقانلاردىن تىلەيدۇ چاۋاك.
يوق ئېتىقاد، يوق سۆيگۈ، ئىخلاس،
ئۇنداقلارنىڭ نىيىتى ناپاك.

كۆمتۈرۈلسە ئالەم پەرۋاسىز،
ساق قالسىلا كۇپايە ئۆزى.
«چىم» قىلمايدۇ دىلى، بىراۋنىڭ
ئويۇلسىمۇ ناھەقتىن كۆزى.

چېھىرلەردىن كۈلكە ئىزدەيدۇ،
ئۆزگىلا خاس.
بويسۇنۇش بەلگىسى كۈلكە ئۇلارچە،
خۇشاللىق كۈلكىسىنى ھەرگىز خالىماس!

ئۇلار پۈتۈكىغا ھۆل كېسەك قويۇپ،
ناتىقلىقىڭدىن پاراڭ سالىدۇ.
غەرىزى مۇنداق:
جارىستانغا چىقىرىپ قويۇپ،
مەقسىتىنى ئاڭلاتقۇزىدۇ،

يا ئۆزىنى داڭلاتقۇزىدۇ.
مەيلى ماختال، مەيلى قارغىش تاپ،
ئۇ دالىدىدا هايان ئالىدۇ.
ناسۇس بولۇپ پۇۋلەيدۇ سېنى،
تولدۇرىدۇ لىققىدە يەلگە.
ئۇرغانسېرى ئۆرلەيسەن بىلمەي،
كەلتۈرۈپ تېپىدۇ سېنى پەللىگە.
بۇ سەپەردىن يوق سەندە سوئال،
ئۇچتۇمغۇ، دەپ بولىسەن خۇشال.
ناگاھ تەگسە پېشانەڭ مىخقا،
باغرىڭ دۇچاربولسا يېرىققا،
پوسسىدىلا چىقىدۇ يېلىڭ،
«بوك» قىلىسەن تەپسە ئۆرلىمەي.
«ۋاي» دەسسەيدۇ،
بولىسەن شاپاق،
ئۇ پەرۋاسىز كېتەر ئۈندىمەي.

## بولمايمەن كۆسەي

«گوپ» پىدەك قىلىپ،
بىر نان چۈشۈپ كەتتى قوقاسقا.
سەل ئۆزگىرىپ ناۋاينىڭ كەيپى،
دەپ تاشلىدى: ئەستاغپۇرۇللا!

قولغا ئېلىپ كۆيۈك كۆسەينى
ئېڭىشتى ئۇ تونۇرغا، دەرھال
«پاھ، كۆيدى» دەپ قولىنى تارتتى،
نانغۇ كۆيدى، كۆسەيگە ئۇۋال.

نەرسە بارمۇ ئاشۇ كۆسەيدەك
مەن ئۆزۈمگە چىن ئوخشاتقىلى.
مەنمۇ كۆپ رەت كىردىم قوقاسقا،
ئۆزگىلەرگە چۈشۈك تارتقىلى.

ئۇرتىۋالدىم بارىمنى جىقلا،
ئويلىماستىن ئىشنىڭ كەينىنى.
مېنىڭ تالاي ئاچچىق كەچمىشىم،
ئوتتاقالغان كۆسەي بەئەينى.

مەن ئادەم مەن،
ياغاچ ئەمەسمەن،
چىقالايمەن قوقاستىن ئۆزۈم،
لاخشىگىرگە موھتاج ئەمەسمەن.

ھەقىقەتكىم: بۇ بىر كەلىمە،
مېنى يەنە چۈشۈك تارت دىمە.
ئۆزگىلەرگە بولمايمەن كۆسەي،
ئوتقا كىرسەك كىرەيلى بىللە.

## ئۇ ئانا مەكتىپىم ئۇ قىبلىگاھىم

(ئانا مەكتىپىم كىرىيە گۈزەر باشلانغۇچ
مەكتىپىگە بېغىشلايمەن)

قارىغىنا، تەكلىماكانغا،
قۇم دۇنياسى غەربى - جەنۇبى.
چۆلدە بوران ھۇۋلايدۇ پات - پات،
قۇيۇنلىرى شۇنداق ئەسەبىي. -

لېكىن، ئۇندا كەلگ باغۇ گۈلزار،
بىر ئىلاھى مۆجىزە كەبى.
ئادەملىرى توغراقتا ئوخشاش،
كەچمىشلەردە ئۇنىڭ سەۋەبى!

سوراۋاتامسەن،
— ئۇ ئۆزى قەيەر!
ئەلمىساقتا ئاستانە بولمىش،
ئېتى كېرىيە،
بەكمۇ قەدىم، بەكمۇ قېرى يەر!
ئۇ مېنىڭ ئانام، ئانام تۇغۇلغان،
ئۇ مېنىڭ دادام، دادام تۇغۇلغان.
ئاشۇ تۇپراقتا
كىندىك قېنىم تامغان، ئۇيۇغان.
نېمە دېسەڭ دە،
ئاشۇ زېمىن ماڭا ئەنگۈشتەر،
زەررىسى مەن ئۇنىڭ مۇقەررەر!

هايات بېرىپ باغۇ بوستانغا
ئاقار ئۈزۈلمەي،
(تىنماي، سۈزۈلمەي)
دەل كۆكسىدىن «قارلۇق ئۆستىڭى».
سۈزۈلدۈرۈپ تىكىلسەڭ ئويچان،
كۆرۈنىدۇ ئەجدادلار ئۆڭى.
ئاشۇ يەردە — ئۆستەڭ بويىدا
مەن ئوقۇغان باشلانغۇچ مەكتەپ.
ئەشەنمەمسەن كۆرسەتكىنىمگە،
ئۇنى كونا - ئەسكى تاملىق دەپ،

راست ئېيتىسەن
ئۇ ئەسكى تاملىق،
نە دېرىزە،
يوقتۇر تۈڭلۈكى.
تورۇسلاردىن پاخشال كۆرۈنەر،
تاملىرىدا قۇشقاچ تۆشۈكى.
قوڭغۇرىقى بولمىغان بىلەن
يازدا بورانىنىڭ
قىشتا جۇدۇنىنىڭ
قۇلاقلارنى يارار پۇشتىكى.
لېكىن، ماڭا مۇقەددەس بۇ جاي،
ئاھ، ئۇ مېنىڭ ئانا مەكتىپىم!
مۇقەددىمە تاپقان شۇ يەردە
سەبىي ئەقلىم، ئىقبال، تىلىكىم.
ئويلىساملا بولۇپ بىھوشتەك،
ئاشىيانغا تەلپۈنگەن قۇشتەك،
تەلپۈنىدۇ ئاڭا يۈرىكىم.

قىش كۈنلىرى سوغۇق ئاجايىپ،
ئۇ يەردىمۇ ئوخشاش قار ياغار.
قۇرغاق يەرنىڭ چاپقۇنى يامان.
ئۇششۇك ھەرە چاققاندەك چاقار.
ئازراق ئىسسىق بېرەر كونا مەش،
گور قىلىپلا تۈگەيدۇ پاسار.
توڭدۇڭلارمۇ؟ دەيدۇ مۇئەللىم،
كۆزلىرىدىن بالقىيدۇ باھار.

ئىشكىلەرنىڭ ھالى ۋاي، دەيسەن،
كونا لاتا، كونا قەغەزدە

ئېتىلىدۇ ئۇنىڭ يېرىقى.
يىرتىق، يېلىڭ بولغاچ كىيىمى
توڭۇپ كەتسە دېھقان باللىرى،
مۇئەللىملەر ئېلىپ باردۇ،
چۇشكەن يەرگە كۈننىڭ سېرىقى.

مۇئەللىمنىڭ يۈز-كۆزى قارا،
قوللىرىدا ئوتۇن كۈيىسى.
ئىرغاڭشىسا شۇ كونا دوسكا،
يۆلەپ تۇرار ئۇنىڭ مۇرىسى.
ئاران ئىلغا بولىدۇ خەتلەر،
بولغاچ پۇچۇق ئۇنىڭ تولىسى.

يازنىڭ كۈنى - غېرىبنىڭ كۈنى،
ئاپتاپ سۇنساق يايرايدىغۇ جان.
كۈننىڭ تەپتى كۆيدۈرەر تەننى،
قىزارتىدۇ يۈزنى بېرىپ «قان».
دەپتىرىمىز مەكتەپ سەيناسى،
قوللىرىمىز قەلەمدۇر راۋان.

مەكتىپىمدۇر شۇ غېرىبانە،
ئاتا-ئانام سەھرادا سۇرگۈن...
ئۇ چاغ تاشقا تەگكەنتى تەلەي،
ئۇششۇك سوققان بالارنى گۈلگۈن.
بىر قىسمىلا بولىدۇ كۆڭلۈم،
ئاشۇ كۈنلەر ئەسلەنسە بۈگۈن.
يۈرىكىمگە زىلزىلە سېلىپ،
ۋۇجۇدۇمدا كېزىدۇ بىر ئۈن.

نىگاھىمدا پاياندازلىق يول،
قۇياش تامان سوزۇلغان پەشتاق.
كۆزلىرىمگە يۇلتۇزلار چۆمگەن،
ماڭلىيىمدا شۆھرەت يالتىراق.
ئۇستۇۋىشىم گۈلگە كۆمۈلگەن
كۈيچى بۇلبۇل ئۇنۇمگە مۇشتاق.
شۇنداقتىمۇ، مەن مەست ئەمەسمەن،
بالىلىقنى چۈشەيمەن ئويغاق.
قىبلىگاھىم شۇ مەكتىپىمنى
ئۇنتۇيالاي قانداقمۇ قانداق؟!

ئانا مەكتىپىم پەخىرلىكمىدۇ؟
ئۇنىڭ بىلەن مەن ئىپتىخارمەن.
خىيالىمغا ئېلىپ مەن ئۇنى،
راۋاقلارغا باقماي باقارمەن.
بىرىپ قالسام تاۋابى ئۈچۈن،
كەپتەر كەبى بوقۇلدىتىپ ئۇن
تاملىرىنى مەھكەم قۇچارمەن،
يەرلىرىگە ماڭلاي باقارمەن.
بىر ئۈمىدىم: خىزىر بوپ كەتسەم،
باشلاپ كېلىپ ئۆلمەس باھارمەن؛
ياپسام ئىدىم ئاڭا گۈلزارمەن.
ئاشۇ تىلەك، ئاشۇ ئارزۇدا
تولغىنىمەن تۈن ھەم ناھارمەن!

## مېنى ئىزدىسىڭىز ...

ئەي ...
كېلەچەكنىڭ ئىگىسى،

لازىم بولسام ئەگەر كەلگۈسى،
مېنى ئىزدىمەڭ بوستاندىن،
يا گۈلىستاندىن،
تاپالمايسىز باغلاردىن.
ئاھ، تاش تاتىلاپ،
قىياغا يامىشىپ،
ھاڭلاردىن تاقلاپ،
يۈرسەممۇ چوققىدا، مۇزلۇق چوققىدا،
ئۇندا ئىزىم يوق.
ۋە لېكىن ئىزلەڭ
روھىمنى قايىنغان ئاشۇ تاغلاردىن!
كەزدىم، ياشىدىم
گاھ ئوچاقتا ...
گاھى ئۇجماقتا ...
دېڭىز تەكتىدە،
چىمەن قىرغاقتا ...
سىرلار شەھىرىدە،
خىرىسلەنگەن يولۋاس قەھرىدە.
ئەمما ۋە ئەمما
ئۇندا يوقتۇر قالدۇرغان ئىزىم،
مەنمۇ بىلمەيمەن،
مۇئەللەقتىمىكىن يىلتىزىم.
بويۇن سوزۇپ يۈرمەڭ لەھەتكە،
ئىشەنمەڭ ھەرگىز
گۆرىستاندىن چىققان جەسەتكە!
شۇ كۇپايە، بەس
گەرچە ئۆزى مېنىڭ تىنىمدۇر،
لېكىن، مەن ئەمەس.
مېنى ئىزلەڭ ئۆمرى راۋاندىن،
روھى ماكاندىن!!



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

[General Information]
书名=爱情　维吾尔文
SS号=40302181